# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى



3

2000

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
17 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 52 - سان

2000 - يىللىق
3 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر ھوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئىلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئىلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابدۇرېھىم ياقۇپ

# مۇندەرىجە

## تارىخ سەھىپىسىدە

خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ............ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 1
تارىخقا ئايلانغان باسمىلار ............ ۋارىس تۇردى 11
جىياڭ جېيشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ............ خۇاڭ جيەنخۇا 15

## يەر ناملىرى تەتقىقاتى

ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەر ناملىرى ھەققىدە ............ ئابلىمىت مۇھەممىدى، ئىسھاق باستى 29

## مەشھۇر شەخسلەر

مەڭگۈلۈك تۆھپىكار — گۇناھكار ۋاڭ يۈەنلۇ ............ گاۋ دېشياڭ 35

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

«تامىز مۇزبي» دا ساقلىنىۋاتقان يېزىقسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ............ بەكرى ئىبراھىم چاۋۇش 41

## تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن

ئالتە شەھەرگە سەپەر ............ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت 44
نادىر سۈرەتلەر ............ تۇرسۇن قاھارىي 49

## ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن

قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى ... مۇبارەك ئاۋۇت 53
ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپى ۋە تارىختىكى داڭلىق مەدرىسەلەر ............ ئابلاجان ئۇمىدىيار 62

مۇقاۋىدا: ئامانىنساخان قەبرىگاھى («يەكەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى)

# خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

(بېشى ئۆتكەنساندا)

هۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

### 4. «خوجىلار دەۋرى»نىڭ باش - ئاخىرى

غالدان ئاپپاق خوجىنىڭ ساتقىنلىقى ۋە يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى — قەشقەر بىلەن پايتەخت يەركەننى ئىشغال قىلدى ۋە ئىسمائىل خاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىر سۈپىتىدە ئىلىغا ئېلىپ كەتتى①.

دەرۋەقە، ھازىرغا قەدەر كۆپىنچە ماتېرىياللار- دا، غالدان ئىسمائىل خاننى مەغلۇپ قىلىپ يەركەننى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە بوي زېمىنلارنى تۇتۇپ بەرگەن ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان سۈپىتىدە تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىلىغا قايتقانلىقى بايان قىلىنىپ كەلدى. لېكىن «تەزكىرەئىي ئەزىزان» دىن ئىلگىرىرەك دەۋردە يېزىلغان «تەزكىرەئىي ھىدايەت» ۋە باشقا تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن ② قارىغاندا، غالدان يەركەننى ئىشغال قىلىپ، ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ قايتقاندا، يەركەندىكى قورچاق خانلىق ئورنىغا ئاپپاق خوجىنى ئەمەس، بەلكى تۇرپاندىن ئۆزى بىلەن بىللە قوشۇن باشلاپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخاننى «خان» قىلىپ تىكلىگەن. غالدان ئۆزىنىڭ بوي زېمىنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، شۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى سىياسىي ئەنئەنىسىنى چىقىش قىلىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان دۈشمەنلىشىش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىسمائىل خان تەرەپدارلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۆزىگە ئەل بولۇپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخاننى ئۆزىنىڭ بوي يەردىكى نازارەتچىسى سۈپىتىدە «خان» لىققا تەيىنلىگەن. غالداننىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى قانداقتۇر يەركەن خانلىقىنى تىرىلدۈرۈش ئەمەس ئىدى. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ بوي زېمىنلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇلىغا پالتا چاپقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئابدۇرېشىتخاننى بوي زېمىنلارغا «خان» قىلىپ تىكلىشى پەقەت ئۆزىنىڭ بوي يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالغىچە قوللانغان ۋاقىتلىق تاكتىكا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرېشىتخانمۇ ئاللىقاچان غالدانغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالغانىدى.

ئەمما تېگىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى تاكتىكىسى خان جەمەتىگە ئەمەس بەلكى ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجىلارغا تايىنىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە 5 - ئەۋلاد دالاي لاما ئالاھىدە خەت يېزىپ تونۇشتۇرغان ھەم



www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى بۇ زېمىنلارغا ئىگە قىلغان ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجىغىمۇ بۇ زېمىنلارنىڭ قورچاق قارانچۇقلۇق ئىمتىيازىنى بېرىش ئارقىلىق زور بايلىق مەنبەسىگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئاپپاق خوجا غالدانىنىڭ ئىسمائىل خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بەرگەنلىك ۋە ئۆزىنى قارانچۇقلۇق ئورنىغا ئىگە قىلىپ، «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ قويغانلىق شەرىپى بەدىلىگە، قۇرۇق يانمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا يىلىغا مىڭ سەر تەڭگە (بىر تەڭگە بىر سەر كۇمۇشكە تەڭ)، مىڭ تون (ئەمەلىيەتتە بۆز، خام قاتارلىق رەختلەر) ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، گەرچە بۇنى «ئەھلى مەملىكەت مەشۋەرىتى (مەسلىھەت كېڭىشى) بىلە» قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق مەشۋەرەتنى بەرگەن «ئەھلى مەملىكەت» شۈبھىسىزكى، «ئاق تاغلىق» لاردىنلا ئىبارەت ئىدى.

غالدان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىختىسادىي جان تومۇرىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، باشقا تەرەپلەردىن ئانچە ئەندىشە قىلماي ئىلىغا قايتتى.

ئابدۇرېشىت «خان»لىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئاپپاق خوجىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەركەندە مالىمانچىلىق يۈز بەردى، ئابدۇرېشىتخان بېسىقتۇرالماي تاغقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مالىمانچىلىق غالدانغا ئۆزىنىڭ «ئىككى يولۋاسنى بىر تاغقا قويۇپ بېرىشتەك سىيلىق سىياستى»نىڭ ③ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا غالدان ئابدۇرېشىتخاننى ئىلىغا چاقىرتىپ نەزەربەنت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غالداننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قارانچۇقى بولغان ئاپپاق خوجىنىڭ ئورنى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قورچاق خان بولۇپ قالدى. لېكىن ئاپپاق خوجا «خوجىلىق بىلەن تەخت، سەلتەنەت راۋاج تاپماي» دىغانلىقىنى ④ چۈشىنىپ تۇرپاندىن ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىنىنى ⑤ تەكلىپ قىلىپ «خان» لىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ⑥ ھەم مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ سىڭلىسى خانىم پادىشاھنى نىكاھىغا ئالدى. مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپپاق خوجىغا مۇرد بولۇپ، ئۇنى پىر تۇتتى. مۇھەممەت ئىمىن خان بىر قىسىم بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ دالالىتى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ يەركەندىكى ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغارلارغا قارشى لەشكەر تارتتى ھەم نۇرغۇن ئادىمىنى ئەسىر ئالدى.

ئەسىر ئېلىنغانلار ئارىسىدا جۇڭغارلارنىڭ ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ توپىلاڭغا قارشى غالداننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا «مۇھەممەت ئىمىن خان ئۆز ۋەھىمىدىن قورقۇپ قېچىپ» ⑧ چىقتى ھەم ئاپپاق خوجا مۇرىتلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە «خاجە ئافاق خاجەم تەخت سەلتەنەتتە بەر قارار» بولدى. ⑨

بۇ ۋاقىتتا «قارا تاغلىقلار» نىڭ سەركەردىسى خوجا ئابدۇللا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ شۇئەيىب ۋە دانىيال ئىسىملىك ئىككى ئوغلى قالغانىدى. ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاق تاغلىق» خوجىلار ھۆكۈمرانلىقنى باشلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەقىبى «قارا تاغلىق» سوپىلارنى تازىلاشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن «قارا تاغلىقلار» نىڭ باشچىلىرى شۇئەيىب بىلەن دانىيال بۇ قىرغىنچىلىقلاردىن قېچىپ پاناھلىق ئىزدەپ كەشمىرگە چىقىپ كەتتى⑩.

ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىدلىرى «قارا تاغلىقلار» نىڭ خانىقا - مازارلىرىنى قېدىرىپ بۇزدى، «قارا تاغلىقلار» نى قىر - چاپ قىلىپ، بۇلاپ - تالىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپپاق خوجا خوجا ئابدۇللانىڭ ئوغۇللىرى شۇئەيىب بىلەن دانىيالغا بىر نەچچە قېتىم مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى.

شۇئەيىب خوجا بىلەن دانىيال خوجا ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ «ئىلتىپاتى» غا ئىشىنىپ - ئىشەنمەي ئارىسالدىلىق ئىچىدە يولغا چىقىپ گۇمىنىڭ سانجۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ توختىدى، يەنە ئىشەنچ قىلالماي ئاپپاق خوجىغا ئۆز مۆھرىنى بېسىپ خەت

چىقارتىشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازدى⑫.

ئاپپاق خوجا ئۇلارغا جاۋاب خەت يېزىپ خاتىرجەم كېلىۋېرىشىنى ئېيتتى⑬.

ئۇلار ئاپپاق خوجىنىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن يەركەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما خوددى «تەزكىرەئىي ئەزىزان» دا ئېيتىلغاندەك، «غەم - غۇسسەدىن ھەرگىز خالىي بولماس ئەردى»⑭.

شۇئەيىب خوجا مۇبادا «ئاق تاغلىقلار» نىڭ توزىقىغا چۈشۈپ سۈيىقەستكە ئۇچراپ قالساق، نەسلىمىز قۇرۇپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئىنىسى خوجا دانيالنى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن ئارقىغا قايتۇرۇۋەتتى⑮.

دەرۋەقە، ئىش شۇئەيىبنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك بولۇپ چىقتى، ئۇ تېزناپ دەرياسى بويىغا كېلىشىگە، شۇ يەرگە مۆكۈنۈپ ياتقان «ئاق تاغلىق» سوپىلاردىن تۆت يۈز كىشى شۇئەيىبنى شۇ كېچىسىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى⑯. خوجا دانيال ئارقىغا قايتىپ سەمەرقەندكە بېرىپ بوۋا كالانى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مازىرىغا يىغلاپ ھال ئېيتتى⑰. بۇنىڭدىن بىر جەمەتتىن بولغان، يەنە كېلىپ كىشىلەرنى مۇسۇلمانچىلىققا ئۈندەپ ھىدايەتكە باشلايمىز دەپ ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا» كۆرسىتىۋېلىشقان بۇ ئىشانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى قىساسخورلۇقنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەپسۇسكى بۇ قىساسخورلۇقنىڭ قۇربانلىرى يەنىلا بىگۇناھ خەلق ئىدى.

ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى جۇڭغارلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا تۇتۇپ بېرىپ، جۇڭغارلارنى ئىقتىسادىي مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۆزىنىڭ قورچاق - قارانچۇقلۇق ئورنىنى ساقلاپ 13 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، 1693 - يىلى قەستكە ئۇچراپ زەھەرلىنىپ ئۆلدى. جەسىتى قەشقەرنىڭ «ياغدۇ» دېگەن يېرىدىكى «ئاق تاغلىقلار» نىڭ تاۋابگاھىغا ئايلانغان مازارلىقتىكى ئۆزى ياسىتىپ قويغان گۈمبەزگە دەپنە قىلىندى. «ئاق تاغلىقلار» ئاپپاق خوجىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئوغلى خوجايەھيانى «خان» قىلىپ تىكلىمەكچى بولۇشتى. ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى خانىم پادشاھ ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھدىنى خان قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن، مازارنى تاۋاپ قىلىش باھانىسى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، خوجا يەھيانى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ قەستىگە چۈشتى. يەركەننىڭ ئەمەلدارلىرىدىن مىرزا بارات خوجا يەھيانى خىلۋەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا خانىم پادشاھنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خان بولۇش توغرىلىق مەسلىھەت بەردى. ⑱ خوجا يەھيانىڭ دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش نىيىتى يوق ئىدى، ئۇ خانىم پادشاھنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق بۇ ئىش خانىم پادشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىكەندى.

ئۇ يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ خوجا يەھيانى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. يەركەنگە قايتىپ كېلىپلا خوجا يەھياغا مەسلىھەت بەرگەن مىرزا باراتنىمۇ ئۆلتۈردى. خوجا يەھيانىڭ كىچىك نارىسىدە ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆلتۈردى. پەقەت بىر ئوغلىنى خوجا يەھيا تەرەپدارلىرى يوشۇرۇپ قالدى⑲. دېمەك، ئۇچىغا چىققان قانخور، ئەشەددىي جاللات خانىم پادشاھ ئوغلى مەھدىنى «خان» قىلىش يولىدا خوجا يەھيانى ۋە ئۇنىڭ ھەممە قوللىغۇچىلىرىنى قىرىپ تۈگەتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ نەۋرە سىڭلىسىنىمۇ ۋاراقلاپ قايناۋاتقان قىزىق ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئۇنىڭ قولىدا بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سانى يوق ئىدى. شۇڭا خەلق ئۇنىڭغا «جاللات خېنىم» دەپ ئات قويغان. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىمۇ، «بۇ بىسيار خۇنرىزلىق (قانخورلۇق) ۋاقىئە بولدى. ھەتتا خانىم پادشاھنى ‹جاللات خېنىم› دەپ ئاتادىلەر› دەپ يازىدۇ⑳. ئۇنىڭ شۇ قانخورلۇق نامى خەلق ئارىسىدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ، يەركەندىكى «ئاق تاغلىقلار» نىڭ مازارلىقى «جاللات خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالماقتا.

خانىم پادشاھ ئاپپاق خوجا ئۆلۈپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئوغلى مەھدىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى ㉑. كېيىن خانىم پادشاھنىڭ ئۆزىمۇ ئوغلى مەھدى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى㉒.

«ئاق تاغلىقلار» نىڭ ئۆز ئىچىدىكى قىرغىنچىلىق، مالىمانچىلىق دەستىدىن «خان» لىق

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئورنى بوشاپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتە مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەد مۆمىن خان (ئاقباشخان) كېلىپ، «خان» بولدى، ئۇ، «ئاق تاغلىق»لارنى قانلىق قىرغىن قىلدى. ھەتتا ئۇلارنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ قېنىدا تۆگمەن ماڭدۇردى. «تەزكىرەئىي ئەزىزان»دا بۇ ھەقتە «مەملىكەت خالى تاپقاچ مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئىنىسى ئاقباش خان كېلىپ بۇ دىيارلارنى ئالىب، يەركەندە مىڭ دەۋانىلەرنى قويدەك بوغۇزلىدى. قانىدە تۆگمەن يۈرۈتۈپ ئۈن تارتىپ يىدى. كاشغەردە ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخاننى ئولتۇرغۇزدى» دېيىلگەن㉓.

ئاقباشخان «قارا تاغلىقلار»نىڭ سەرسان بولۇپ يۈرگەن باشچىسى دانىيال خوجىغا يەركەنگە كېلىش توغرىلىق مەكتۇپ يوللىدى㉔. مەكتۇبنى ئالغان دانىيال خوجا بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ خوجەندىن قەشقەرگە كەلدى. لېكىن قەشقەر بۇرۇندىنلا «ئاق تاغلىقلار»نىڭ بازىسى بولغاچقا، قەشقەر خەلقى ئۇنى قارشى ئالمىدى㉕، شۇنىڭ بىلەن ئالدىغا چىققان قىرغىزلار ئۇنى يەركەنگە باشلاپ كەلدى㉖.

دانىيال خوجىنىڭ ئاقباشخاننىڭ تەكلىپى بىلەن پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئېلىپ يەركەنگە قايتىپ كەلگەنلىكى، ئەمەلىيەتتە، «ئاق تاغلىق»لار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىپ، خوجا دانىيال باشچىلىقىدىكى «قارا تاغلىق»لارنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشكە قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا خېلىدىن بېرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، تويلاڭ كۆتۈرۈپ يۈرگەن قىرغىزلار قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئاقباشخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخاننى تۇتۇۋالدى ھەم تۇرپاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. ئاقباشخان ئوغلىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە لەشكەر تارتتى. لېكىن ئورۇشتا يېڭىلىپ قىرغىزلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ يېڭىساردا قەتلى قىلىندى. قىرغىزلار قەشقەردىكى «ئاق تاغلىق»لارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن يەركەنگە ھۇجۇم قىلىپ، يەركەننى ئىگىلىۋالدى.

قىرغىزلارنىڭ باشچىسى ئاززۇمەت بەگ ئاقباشخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخاننى يەركەندە قورچاق خان قىلىپ، ئۆزى يەركەنگە ھاكىم بولدى. يەركەندىكى بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن بەگ - ئەمەلدارلار ئادەم ئەۋەتىپ جۇڭغارلاردىن ياردەم سورىدى. جۇڭغارلارنىڭ خۇنتەيجىسى جۇڭغار قوشۇنلىرى، ئاقسۇ ۋە كۇچا قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ قىرغىزلارنى يەركەندىن قوغلاپ چىقاردى. «تەزكىرەئىي ئەزىزان»دا قەيت قىلىنىشىچە، قىرغىزلارنىڭ مالىمانچىلىقلىرىدىن كېيىن «ياركەندنىڭ تەخت سەلتەنىتىدە ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم ئەزىزلەر ئولتۇرۇپ بىر نەچچە مۇددەت ئۆمۈر سۈردىلەر»㉗.

شۇنداق قىلىپ «ئاق تاغلىقلار»دىن ئاپپاق خوجا 1680 — 1693 ـ يىلغىچە 13 يىل، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى 8 يىل ئەتراپىدا جەمئىي 21 يىلچە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاساسەن «قارا تاغلىقلار»نىڭ قولىغا ئۆتتى.

جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانى غالدان (ھاكىمىيەت دەۋرى: 1676 ـ 1697) ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن خۇنتەيجى سىۋېن ئارابتان (ھاكىمىيەت دەۋرى: 1697 ـ 1727) زامانىسىغا كەلگەندە، جۇڭغارلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىدىكى ۋاستىلىق (يەنى قارانچۇق «خان» لار ئارقىلىق) ئىدارە قىلىشتىن، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق بىۋاستە ئىدارە قىلىشقا ئۆتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ئاپپاق خوجا داۋاملىق تاپشۇرۇشقا ۋەدە قىلغان ئىقتىسادىي تۆلەم - ئولپانلار ۋاقتىدا تۆلەنمەي، جۇڭغارلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى دېگەندەك قاندۇرۇلماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «خوجىلارنىڭ پائالىيىتى جۇڭغارلار يول قويغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن» ئىدى㉘. شۇڭا جۇڭغارلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە ھەربىي يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ، 1713 ـ يىلى زور قوشۇن بىلەن قەشقەر، يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. دانىيال خوجا ئۆزلىرىنىڭ

بۇنداق زور قوشۇنغا تەڭ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ جۇڭغارلارغا باش ئەگدى㉙.

جۇڭغارلار يەركەننى ئۇرۇش - جېدەلسىز بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خوجا دانىيالنى ئېلىپ، يەركەندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى㉚. قەشقەردىكى «ئاق تاغلىقلار» خوجا يەھيانىڭ ئوغلى خوجا ئەھمەدنى ئۆزلىرىگە «خان» قىلىپ تىكلىۋالغانىدى. ئۇلار خوجا ئەھمەد باشچىلىقىدا جۇڭغارلارغا قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى. خوجا ئەھمەد جۇڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار خوجا ئەھمەدنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، خوجا دانىيال ئۇلارغا «ئەگەر سىزلەرگە مۇسۇلمان دىيارى كېرەك بولسا، زىنھار مۇسۇلمان خاجىلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئەۋلادلىرىدۇرلەر. ئۇلارنىڭ قەتلىلىرىغە مۇسۇلمانلار ھەرگىز رىزا بەرمىگەيلەر. ئەھلى ئەيال، زەن - فەرزەندلىرى سىزلەر بىلەن پىچاقلىشىپ - قۇچاقلىشىپ ئۆلەر! . . . . » دېدى. ㉛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خوجا ئەھمەدنى ئۆلتۈرمەي ئەسىر قىلىپ، ئىلىغا ئېلىپ كەلدى.

دانىيال خوجىنىمۇ يەركەندگە قايتۇرماي، بالا - چاقىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىلىغا ئېلىپ كەلدى. خوجا ئەھمەدنى تاكى ئۆزى چىڭ سۇلالىسىدىن مەغلۇپ بولغانغا قەدەر نەزەربەند ئاستىدا تۇتۇپ تۇردى. لېكىن «قارا تاغلىقلار» نىڭ باشچىسى دانىيال خوجىنى ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1720 - يىلى سىياسىي تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە يەركەننى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى.

چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، بىر تەرەپتىن چار روسىيە ئارمىيىسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا بېسىپ كىرىش تەھدىتى كۈنسېرى كۈچەيگەن ھەتتا ئۇنىڭ چېگرالىرىغا كىرىپمۇ بولغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەسلىدىكى يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقى قىسمىدىكى تۇرپان، لۈكچۈنلەرنى ئېلىپ بولغان ھەتتا ئالدى قوشۇن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولغانىدى. قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇلارغا ئەل بولۇشقا باشلىغانىدى㉜.

سىۋېن ئاربىدە قەشقەر، يەركەنلەرنى يەنىلا خوجىلارغا تايىنىپ ئىدارە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلسا، بىر تەرەپتىن، مالىمانچىلىقتىن ساقلانغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئىقتىسادىي تۆلەملەردىن داۋاملىق بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دانىيالنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپنى گۆرە ئورنىدا تۇتۇپ قېلىپ، دانىيالنى 4 شەھەر — يەركەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇنىڭ ھاجىسى ھەم خانى قىلىپ يەركەنگە ئەۋەتتى㉝. دانىيال خوجا يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن جۇڭغارلارغا ۋاقتى - ۋاقتىدا ئولپان تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ تۇردى.

1727 - يىلى سىۋېن ئاربىدە ئۆلۈپ، ئورنىغا غالدان سېرىن (ھاكىمىيەت دەۋرى: 1727 - 1745) ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقتى. ئۇمۇ دانىيال خوجىغا «تۆت شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى، خاجەلىغىنى قىلىپ، ئاتام ۋاقتىدىكىدىن ھالا خوپراق ۋە كۆشادىراق تۇرغايلەر» دېدى㉞.

دانىيال خوجا شۇ يوسۇندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 37 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ (1697 - 1734) بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭدىن خوجا جاھان (ياقۇپ خوجا) خوجا ئايۇپ، خوجا يۇسۇپ، خامۇش خوجا (ئەسلى ئىسمى نىزامىدىن) خوجا ئابدۇللادىن ئىبارەت بەش ئوغۇل قالغانىدى.

دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن خوجا جاھان يەركەنگە، خوجا يۈسۈپ قەشقەرگە، نىزامىدىن (خامۇش خوجا) ئاقسۇغا، خوجا ئابدۇللا خوتەنگە ھۆكۈمران بولۇپ، دادىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تۆت شەھەرنى بۆلۈشۈپ باشقۇردى㉟.

يەركەننىڭ ھۆكۈمرانى بولغان خوجا ياقۇپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ ھامىيسى، خەلقپەرۋەر كىشى بولۇپ، شېئىرىيەتتە ئىستېدادى يۇقىرى شائىر ئىدى. ئۇ ئۆزىگە «ئەرشى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ شېئىر يېزىپ دىۋان تۈزگەن، ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا خوجا جاھان ئەرشى نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ «دىۋان ئەرشى» ناملىق دىۋانى يېقىندا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات

uyghurkitap.com

جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشرگە ئۆيۈشتۇرۇلۇپ نەشر قىلىندى[36].

جوڭغارلار دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلىنى تۆت شەھەرنى باشقۇرۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭ باج - خىراجىلىرىنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەيىنلىگەندىن كېيىن، بۇ خوجىلارنىڭ بىردىن ئوغۇللىرىنى ئىلىدا بورۇم قىلىپ تۇتۇپ تۇردى. بۇ تۆت خوجىمۇ سوۋغا - سالاملار بىلەن پات - پات ئىلىغا بېرىپ، غالدان سېرىنغا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇردى ھەتتا بەزىدە تۇتۇپمۇ قېلىندى.

1745 - يىلى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن، جوڭغارلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ئىچكى كۈرەش خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى، ئاخىرى 1753 - يىلى (چيەنلۇڭ 17 - يىلى) داباجى لامادارجانى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى «خۇنتەيجى» دەپ ئېلان قىلدى. بۇ ۋاقىتتا جوڭغارلار ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

«قارا تاغلىق» خوجىلارمۇ جوڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدىشىۋاتاتتى. جوڭغارلارغا كۆرۈنۈش قىلغىلى ئىلىغا بارغاندا تۇتۇپ قېلىنغان يۈسۈپ خوجىمۇ ئۆزۈندىن بۇيان جوڭغارلارنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، پىلان تۈزۈپ يۈرەتتى ھەم جوڭغارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماجىرالارنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ 1753 - يىلى داباجى ئۆزىنى «خۇنتەيجى» دەپ ئېلان قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە قايتىپ، جوڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلانماقچى بولدى. لېكىن مۇۋاپىق بىر سەۋەپ كۆرسەتمەستىن جوڭغارلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قەشقەرنىڭ ھاكىمى كىپەك بەگكە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، «شەھەرنى قىرغىزلار بېسىۋالغىلى قوپتى» دەپ يالغان مەلۇمات يوللاشنى بۇيرۇدى. كىپەك بەگ خوجا يۈسۈپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىرغىزلارنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن يۈرگەن جوڭغار ھۆكۈمرانلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە قىرغىزلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن خوجا يۈسۈپنى ئەۋەتىشنى لايىق تاپتى[37].

ئىشلارنىڭ ئۆز پىلانىدىكىدەك بولۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولغان خوجا يۈسۈپ، جوڭغارلارنىڭ قولىدا بورۇم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى خوجا ئابدۇللانىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ بىللە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن داباجىغا «ئى تۆرە، تولا ئەندىشە قىلماڭ. مەن بارماققە ھاجەت يوق. بەلكى بىزنىڭ باباق خاجە ئابدۇللا بارسە بۇ ئىش كۆپايەت تاپۇر. ئەگەر كۆپايەت تاپماسە، ئاندىن مەن بارسام بولۇر» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى[38].

جوڭغارلارنىڭ تۆرىسىگە بۇ مەسلىھەت ماقۇل كېلىپ، خوجا ئابدۇللانى قەشقەرگە بېرىپ قىرغىزلارنى تىنجىتىشقا بۇيرىدى. خوجا يۈسۈپ ئوغلىغا مەخپىي ھالدا «ئۆزەم بارسام بۇلار سىزنى قويۇپ بەرمەيتتى. سىز بېرىپلا بىز قىرغىزلار ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالدۇق، دەپ مەكتۇپ يوللاڭ» دەپ ئوغلىنى يولغا سالدى[39]. خوجا ئابدۇللا ئاقسۇدىكى تاغىسى خامۇش خوجامنىڭ يىلقىلىرىدىن 400 نى ئېلىپ، مىڭ لەشكەرنى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى ۋە دادىسى تاپىلىغان مەزمۇندا جوڭغارلارغا مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپنى ئالغان جوڭغار ھۆكۈمرانلىرى تېخىمۇ ۋەھىمە - تەشۋىشكە چۈشۈپ، يۈسۈپ خوجىغا ئىلتىجا قىلدى ۋە ئۇنى قەشقەرگە يولغا سالدى.[40]

ئۆز پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خۇشال بولغان يۈسۈپ خوجا دەرھال قەشقەرگە ئاتلاندى. ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى خوجەس بەگ يۈسۈپ خوجىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن بىر ئاز گۇمانلىنىپ قالدى. يۈسۈپ خوجىمۇ بۇنى سېزىپ، تېزدىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپلا قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى. خوجەس بەگ دەرھال داباجىغا يۈسۈپ خوجىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى دالالەت قىلىپ ئادەم ماڭدۇردى. قاتتىق پۇشايمان قىلغان داباجى يۈسۈپ خوجىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. قوغلاپ كەلگەنلەر يۈسۈپ خوجىغا يېتىشەلمەي نائىلاج ئاقسۇغا قايتتى ۋە ئاقسۇدىكى ئابدۇۋاھاپ شەقىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يۈسۈپ خوجىغا سىزنى داباجى مەسلىھەتكە چاقىردى

دەپ خەت ئەۋەتتى. يۈسۈپ خوجا ئاغرىپ قالدىم، ساقايغان ھامان يېتىپ بارىمەن، دەپ جاۋاب يوللاپ، قەشقەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، قورال - ياراغ ياسىتىپ، جىددىي جەڭ ھازىرلىقىغا كىرىشتى.

ئاقسۇدىكى ئابدۇۋاھاپ، ئاتۇشتىكى ئابدۇساتتارلار بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىكى ئىشەنچلىك ئادىمى خۇدايار بەگكە يۈسۈپ خوجىنى ئۆلتۈرۈش توغرىلىق مەخپىي خەت ئەۋەتتى. خۇدايار بەگ بۇ مەخپىي خەتنى ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يېقىنلىرىغا كۆرسىتىپ، يۈسۈپ خوجىنى ئۆلتۈرۈشكە سۇيىقەست پىلانلىدى. لېكىن پىلان ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئۆزلىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى.

ئابدۇۋاھاپ، ئابدۇساتتارلار دەرھال ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ، قەشقەر، يەركەنگە لەشكەر تارتىشنى ئىلتىماس قىلدى. داباچى يۈسۈپ خوجىنىڭ قىلتىقىغا چۈشكىنىگە كۆپ ئۆكۈنسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بارالمايتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا (1754 - يىلى) ئامۇرسانا ئاللىقاچان چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئامۇرسانانىڭ يول باشلىشى بىلەن قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتاتتى. داباچى ئابدۇۋاھاپ، ئابدۇساتتار قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى ۋە بۇلار ئارقىلىق قەشقەر، يەركەننىڭ ھاكىملىرىغا يۈسۈپ خوجا بىلەن خوجا جاھاننى تۇتۇشقا ياردەملىشىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئۆمەكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يۈسۈپ خوجا قول ئاستىدىكى دەرۋىش خوجا ئىسىملىك كىشىنى ئىككى كۈنلۈك يەرگە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ پەيلىنى كۆزىتىپ دەرھال خەۋەر بېرىشنى بۇيرۇدى ھەم شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ لەشكەر كۆپەيتىپ جەڭ تەييارلىقىدا تۇردى. دەرۋىش خوجا ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ «ئەۋزائى بۇزۇق، ئەھۋالى پەرىشان» ئىكەنلىكىنى㊶ كۆرۈپ، يۈسۈپ خوجىغا دەرھال خەۋەر ئەۋەتتى.

يۈسۈپ خوجا ئۆزىنىڭ خىل ئادەملىرىدىن 500 كىشىنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ تەييار قىلىپ، شەھەر خەلقىنى ئۆمەكنى قارشى ئېلىشقا چىقاردى. ئۆمەك ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى، لېكىن يۈسۈپ خوجا ئۆمەكتىكىلەرگە ئۆز لايىقىدا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى كارۋان سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما جەڭ تەييارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۆمەكتىكىلەر قەشقەرنىڭ ھاكىمى خوش كىپەك بەگنى چاقىرتىپ، داباچىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان مەخپىي بۇيرۇقنى كۆرسەتتى. لېكىن خوش كىپەك بەگ بۇ ئىشتىن باش تارتىپ، بۇيرۇقنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇلار نائىلاج يەركەنگە ئاتلاندى. يۈسۈپ خوجا ئاكىسى خوجا جاھانغا ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمەسلىكنى ئۇقتۇرۇپ خەت ئەۋەتىۋەتكەنىدى.

ئەلچىلەر يەركەنگە كېلىپ خوجا جاھان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن يەركەننىڭ ھاكىمى غازى بەگ، ئىشىك ئاغىسى نىياز بەگلەرنى چاقىرتىپ مۆھۈرلۈك خەتنى كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ پەرماننى «بىجانىدىل قوبۇل تۇتۇپ»㊷ خوجا جاھاننى تۇتۇشنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ھاكىم غازى بەگ، ئىشىك ئاغىسى نىياز بەگلەر ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، خوجا جاھاننى مېھمانغا چىللاپ، «خاننىڭ يارلىقى» بار دەپ تۇتقۇن قىلدى. ئاندىن دەرھال ئوردىنى ئىشغال قىلدى ۋە خوجا جاھاننىڭ ئوغلى خوجا سىدىقنى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەر ماڭدۇردى. خوجا سىدىق ئەسلىدە دادىسىنىڭ بۇ مېھماندارچىلىققا بېرىشىنى توسقانىدى ۋە دادىسى ئۇنىماي ماڭغاندىن كېيىن، ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدە غازى بەگنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى، ئۇ غازى بەگنىڭ ئۆيى تەرەپتىكى پاتپاراقچىلىقنى كۆرۈپلا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، دەرھال قەشقەرگە ئادەم ماڭدۇرۇپ، ئۆزى بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەر سىرتىغا چېكىنگەنىدى. غازى بەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جۇڭغار لەشكەرلىرى زەرەپشان دەرياسى بويىغىچە قوغلاپ

بېرىپ ئورۇشتى. لېكىن خوجا سىدىقنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. خوجا سىدىق خوتەنگە بېرىپ، خوتەندىن يەتتە مىڭ لەشكەر باشلاپ كەلدى ھەم غازى بەگكە ئادەم كىرگۈزۈپ، دادىسىنىڭ بىر تال مويىغا تېگىدىغان بولسا، پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادىنى قىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ غازى بەگنىڭ خوتەندىكى ھاكىم بولغان ئوغلىنىمۇ بالا - چاقىسى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى.

قەشقەرگە خەۋەر يەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ خوجىمۇ دەرھال، ئاكىسىنىڭ بىر تال مويىغا تەگسە ئۇنى يەتمىش پۇشتىغىچە قىرىۋېتىدىغانلىقىنى، پۈتۈن يەركەن خەلقىنى ئەسىرگە ئېلىپ، شەھەر سېپىللىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەت ئەۋەتتى ھەم ئوغلى خوجا ئابدۇللانى ياراملىق 500 لەشكەر بىلەن بارچۇق تەرەپكە ئەۋەتىپ خوجا جاھاننى ئېلىپ ماڭغان بولسا قۇتۇلدۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئىككى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇ تەھدىتلەردىن ئەلچى قىياپىتىدە كەلگەن جۇڭغارلارمۇ، غازى بەگمۇ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جۇڭغارلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىپ كەلگەن خەلق بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغان بەگ - ئەمەلدارلارنى ئۇر - چاپ قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەشكە باشلىدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدە كەلگەنلەر ۋەسۋەسە ئىچىدە قالدى. يۈسۈپ خوجا ئۇلارنى قەشقەرگە چاقىرتىپ، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى داباچىغا ئېيىنەن ئېيتىشنى تاپىلاپ، ئامان - ئېسەن يولغا سېلىپ قويدى. غازى بەگ خوجا جاھاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، كەچۈرۈم سوراپ يېلىندى. خوجا جاھان ئۇنى ئەپۇ قىلدى.

1755 - يىلى ئامۇرسانا باشلاپ كەلگەن چىڭ قوشۇنلىرى داباچىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىپ ئىلىغا بېسىپ كىردى. داباچى قېچىپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى خوجىس بەگ ئۇنى مەس قىلىپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، چىڭ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

چىڭ قوشۇنلىرى يەركەن بىلەن قەشقەرنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى قۇردى. بىراق ئۇلار جەڭدە ھالسىراپ قالغانىدى. جۇڭغارلارمۇ يۈسۈپ خوجىدىن چۆچۈگەنىدى. شۇڭا ئۇلار ياخشىراق بىر چارە تېپىش ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشتى. بۇ مەسلىھەتتە ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئامۇرساناغا: ئىلىدا ئەسىر سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجا («ئاق تاغلىقلار» نىڭ باشچىسى خوجا ئەھمەدنىڭ ئوغۇللىرى) دىن بىرىنى لەشكەر بىلەن ئەۋەتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى[43].

بۇ مەسلىھەت ئامۇرساناغا ناھايىتىمۇ ياقتى. چۈنكى مۇشۇنداق قىلسا ئىككى گورۇھ خوجىلارنى ئۇرۇشقا سېلىپ «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇپ» ھېچقانداق چىقىمسىزلا بۇ شەھەرلەرنى ئۆز قولىغا ئالالايتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئاق تاغلىقلار» نىڭ «ئۇلۇغلىرى» دىن بولغان خوجا بۇرھانىدىننى بىرەر مىڭ ئەتراپىدا لەشكەر بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار ئاقسۇغا كەلگەندە، ئابدۇۋاھاپ ئاقسۇ خەلقىنى باشلاپ چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار ئاقسۇدىن چىقىپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. بۇ خەۋەر قەشقەر، يەركەنلەرگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، بەزىلەر لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئالدىنى توسۇش مەسلىھەتىنى قىلىشتى. لېكىن يۈسۈپ خوجا بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى. خوجا جاھانمۇ ئۇنىمىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئالدىنى توسۇش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ قوشۇن تۈزدى. خوجا يەھيا باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇنغا خوجا جاھان نائىلاج رۇخسەت قىلدى، لېكىن بۇنى يۈسۈپ خوجىغا ئاڭلاتمىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ خوجا ئېغىر كېسەل ئىدى.

مۇشۇ پاراكەندىچىلىكلەر ئىچىدە يۈسۈپ خوجا ئالەمدىن ئۆتتى. بەگ - ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ئابدۇللانى قەشقەر تەختىدە ئولتۇرغۇزدى.

بۇرھانىدىن خوجا باشلاپ كېلىۋاتقان قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بارغان خوجا يەھيا ۋە خوجا مۆمىنلەر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پاتپاراق بولۇپ، ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە چېكىندى. بۇرھانىدىن خوجا ئىچكى جەھەتتىن

پارچىلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ھەم ئامۇرسانانىڭ زور قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى پەش قىلىپ، ئارىنى بۆلۈپ دېگەندەك ۋاستىلەر بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى باش كۆتۈرەلمەي ياتقان «ئاق تاغلىقلار» ئۇۋۇلىرىدىن قوزغىلىپ قۇتراشقا باشلىدى.

قەشقەردە ئابدۇللا خوجا خېلى قاتتىق تىركىشىپ جەڭ قىلدى، بىراق «ئاق تاغلىقلار» نىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا بۇرھانىدىن خوجا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى، ئابدۇللا خوجا يەركەنگە چېكىندى. بۇرھانىدىن خوجا يەركەننىڭ شەھەر ئىچىگە كىرەلمەي، شەھەر سىرتىدا تۇرۇپ، يەركەننى ئىشغال قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى. ئالدىنقى قېتىم ساتقىنلىق قىلغان ھاكىم غازىبەگ، ئىشىك ئاغىسى نىياز بەگلەرنىڭ يەنە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن ئاخىرى يەركەننى بويسۇندۇردى ھەم ئۆزىنىڭ قان - قېرىنداشلىرى بولغان خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا سىدىق باشچىلىقىدىكى «قارا تاغلىق» خوجىلارنى ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن دانىيال خوجىدىن باشلانغان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلغان، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتى 1757 - يىلى گۇمران بولدى. بۇرھانىدىن خوجا بۇ ئامەتنىڭ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئازراق چۈشىنەتتى، لېكىن كىچىك خوجا يەنى خان خوجا بولسا، بۇ ئامەتنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ «ئاق تاغلىقلار» نى ئويغىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن غەلىبىسى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ جۇڭغارلارنىڭ ئىچىدىكى پاراكەندىچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا خان بولماقچى بولۇپ، ئىلىدىن كېلىپ ئاكىسى بۇرھانىدىننى چىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا دالالەت قىلدى ھەم ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئېلان قىلدى.

چيەنلۇڭ خان غەربىي يۇرتنى ئۇزۇل - كېسىل بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خوجىلار مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىش ئۈچۈن 1758 - يىلى سەركەردە جاۋخۇينىڭ قوماندانلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتتى. چوڭ - كىچىك خوجىلار چىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى. بۇ 1759 - يىلىدىكى ۋەقە ئىدى. لېكىن بەدەخشان ھۆكۈمرانى سۇلتان شاھ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ئىككى خوجىنى قەتلى قىلىپ، كاللىسىنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن 1680 - يىلى ئاپپاق خوجىدىن باشلانغان «خوجىلار دەۋرى» 80 يىلچە داۋاملىشىپ، 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىر ۋاقىت ئىچىدىمۇ خوجىلارنىڭ قوقان خانلىقىنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ قوزغىغان توپىلاڭلىرى ئۈزۈلمىدى. سامساق خوجا، جاھانگىر خوجا، ۋەلىخان تۆرە توپىلاڭلىرى ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. ھەتتا «خوجىلار دەۋرى» دىن بىر ئەسىر ئۆتكەندە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ياقۇپ بەگمۇ خوجىلارنىڭ بۇ يۇرتلاردىكى تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوقاندىن ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بۇزرۇكخان تۆرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ نامىدىن پايدىلانغانىدى.

دەرھەقىقەت، خوجىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئىدى. مانا شۇ «تەسىرلەر» ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن پاجىئەلەرنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى بولۇپلا قالماي، تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ناچار پىسخىك ئىللەتلەرنىڭ ۋە ماددىي نامراتلىقنىڭمۇ بىۋاسىتە سەۋەبلىرىدىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزاھلار

①⑥⑦⑧⑨⑩⑪ مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئىي ئەزىزان»، قەشقەر، 1988 - يىل 51 - 52 - بەتلەر.

②ۋېي لياڭتاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخىدىكى بىر خىيالىي كۆرۈنۈش» — «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 1992 - يىل 4 - سان، 112 - بەت؛ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، Ⅷ توم، 187 - 188 - بەتلەر؛ ھاجىنۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ؛ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» بېيجىڭ، 1995 - يىل، 281 - بەت.

③ ھاجىنۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ. يۇقىرىقى كىتاب، 282 - بەت.

④ ۋ.ۋ بارتولد: «ئەسەرلەر»، Ⅷ توم، 187 - بەت.

⑤مۇھەممەت سادىق قەشقەرى خاتا ھالدا مۇھەممەت ئىمىن خاننى ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى دەپ يازغان («تەزكىرەئى ئەزىزان» 51 - بەت). ئەمەلىيەتتە، مۇھەممەت ئىمىن ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى ئەمەس، بەلكى جىيەنى، يەنى ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى سەئىد باباخاننىڭ ئوغلى ئىدى.

⑫⑬⑭⑮⑯مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان» 54 - 55 - بەتلەر.

⑰مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان» 58 - بەت.

⑱مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 61 - 62 - بەتلەر.

⑲⑳㉑㉒㉓㉔㉕㉖مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 63 - 65 - بەتلەر.

㉗مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 68 - 69 - بەتلەر.

㉘㉙ۋېي لياڭتاۋ: يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالە، 114 - بەت.

㉚㉛مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 69 - 70 - بەتلەر.

㉜«چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» (ۋېي لياڭتاۋ: يۇقىرىدىكى ماقالە، 114 - بەت).

㊶㊷㊸㊹ مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 76 - 77 - بەتلەر.

㉞㉟مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 79 - 81 - بەتلەر.

㊱خوجا جاھان ئەرشى: «دىۋانى ئەرشى» ئۈرۈمچى، 1995 - يىل.

㊲㊳㊴㊵مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 136 - 138 - بەتلەر.

㊶مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: 153 - بەت.

㊷مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، 163 - بەت

㊸مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، 204 - 205 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى؛ سابىر ئەلى

---

(بېشى 34 - بەتتە)

چىقىرىلىۋدى، ئۇنىڭغا «ۋېتنام كوچىسى» دەپ نام قويۇلدى. مەلۇم بىر كوچىدا ئاق تاماكا چېكىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ چىقىۋدى، ئۇنىڭغا «يۇننەن كوچىسى» دەپ نام بېرىلدى. بۇلار گەرچە رەسمىي قانۇنلۇق يەر ئىسىملىرىغا كىرمىسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەركىۋىدىكى ئاممىباب بولغان مىراس سۈپىتىدە ئەمەلىيەتتە خەلق تىلىدا ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇمۇ شۇ يەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى ئەڭ دەسلەپكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ئاملى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئىخچام، ئوبرازلىق، ئاممىباب، قىزىقارلىق بولغان بۇ يەر ناملىرى بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل پاراسەتلىرىنى نامايەن قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنى نۇرغۇن تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇڭا يەر ناملىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى توغرا ئىشلىتىش خىزمىتىگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# تارىخقا ئايلانغان باسمىللار

ۋارىس تۇردى

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم سىياسىي رولىلارنى ئوينىغان قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان باسمىللارنى بىز بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى تارىخنىڭ سەھىپىلىرىدىنلا ئۇچرىتالايمىز. باسمىللارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى جۈملىدىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تاشقى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلاردىكى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، باسمىللار قەدىمدە ئۆتۈكەن تېغى ئەتراپلىرى، ئالتاي تېغىنىڭ (Altun yisig) غەربىي جەنۇبى قىسمى، ئورونغو بىلەن بېشبالىقنىڭ ئارىسىدىكى جايلاردا ياشىغانىكەن.

خەنزۇ مەنبەئەلىرىدە «拔悉蜜»، «拔丝母»، «弊刺»، «骏(驳)马» قاتارلىق خەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن باسمىللار قەدىمكى تۆلەس ياكى قاڭقىل قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ (Tolosler) بىر ئەزاسى ① بولۇپ، بۇلارنىڭ ياشىغان يەرلىرىدە نەسىللىك ئاتلار يېتىشتۈرۈلەتتى. بۇ خىل ئاتلار قەدىمكى تۈرك تىلىدا «باسمىل» دېيىلەتتى. شۇڭا بۇ يەردە ياشىغان ۋە بۇ خىل ئاتلارنى يېتىشتۈرىدىغان خەلقلەرمۇ «باسمىللار» دەپ ئاتالغانىكەن②. تىبەتچە ۋە خەنزۇچە بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 24 ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان ئالايونتلۇلار (Alayuntlu) باسمىللارنىڭ بىر ئۇرۇقى ئىكەن. ئۇلار دەسلەپتە باسمىل قەبىلە ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ، كېيىن (X ئەسىردە) باسمىللارنىڭ سىياسىي رولىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ باسمىللاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىغا كىرگەنلىكى مەلۇم③.

شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەنى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشاۋاتقان باسمىل قەبىلىسى توققۇز ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. كېيىن (627 ـ يىلى) تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان توققۇز ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. 635 ـ يىلى سىر ـ تاردۇش خانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىنى ئاشىناشىرنى مەغلۇپ قىلىپ، توققۇز ئوغۇز بەگلىكلىرىنى پارچىلاپ ئۆزىگە تەۋە قىلغاندا، باسمىللارمۇ بۇ خانلىققا قىسقا مۇددەت تەۋە بولدى. 646 ـ يىلى توققۇز ئۇيغۇر خانلىقىدىن چىققان تۇرۇمتاي سىر ـ تاردۇش خانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سىر ـ تاردۇش خانلىقىغا قارشى ئەسكەر چىقىرىپ بۇ خانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن توققۇز ئوغۇز بەگلىكلىرىنى بۆلۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا باسمىللارمۇ توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

VII ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە باسمىللار بەزى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرگە تاڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشتى. كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە قايتتى. بىراق كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى

www.uyghurkitap.com

يەرلىك مەنبەلىرىمىزدە كۆرۈلمەكتە. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرىدىن بىلگە قاغاننىڭ (بۆگۈ) نامىغا ئاتاپ ئورنىتىلغان بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا بۇ ۋەقە مۇنداق ئىپادە قىلىنغان:

«يىگىرمە يېشىمدا باسمىللار قۇتلۇق قامىلىلىك خەلق ئىدى. كارۋان ئەۋەتمىدى، سوۋغا ـ سالام ئەۋەتمىدى، دەپ قوشۇن چىقاردىم. . . تەۋە قىلدىم»④. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدىكى بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن بۇ ۋەقەنى 703 ـ يىلى يۈز بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىلتېرىش (ئاشىنا قۇتلۇق) قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئىنىسى مويۇنچۇر تەختكە چىقىپ ئۆزىنى «قاپاغان قاغان» دەپ ئاتىدى. 716 ـ يىلى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن قۇتلۇق ئىلتېرىش قاغان ئەۋلادى بىلەن مويۇنچۇر ئەۋلادى ئارىسىدا تەخت تالىشىپ كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولدى. نەتىجىدە ئىلتېرىش قاغاننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن (بۆگۈ) ۋە كۆلتېگىن خانلىق تەختىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ كۈرەشتە قوتۇلۇپ قالغان قاپاغان قاغاننىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرى ۋە تەرەپدارلىرى تاڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە بېرىپ تاڭ پادىشاھىدىن پاناھلىق تىلىدى. پاناھلىق تىلىگەنلەرنىڭ ئىچىدە قاپاغاننىڭ ئوغلى موتېگىنمۇ بار بولۇپ، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ ۋە ئۇلارنى كۈشكۈرتۈپ، گېنېرال ۋاڭ جۈننىڭ قوماندانلىقىدا 719 ـ يىلى بىلگە قاغانغا قارشى بىر قېتىملىق ھۇجۇم ئېلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ھۇجۇمغا يەنە ئۇيغۇر، بايىرقۇ، باسمىل قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدىن باشقا يەنە كىدانلارغا ئوخشاش بىرقانچە يات قەبىلىلەرمۇ قوشۇلماقچى بولغانىدى⑤. بۇ بىرلەشمە قوشۇن بىلگە قاغاننىڭ قارارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئەسىرگە ئېلىشنى پىلانلىغانىدى، لېكىن كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەجرىبىلىك ۋەزىرى تونيۇقۇق باسمىللار، كىدانلار ۋە تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا پەقەت باسمىل قەبىلىلىرىلا ئەسكەر چىقاردى، باشقا ئىتتىپاقداشلار ۋاقتىدا ياردەمگە كېلەلمىگەچكە، باسمىللار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن كېيىنكى تۈرك خانلىقى باسمىللارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى بېشبالىقتىچە قوغلاپ بېرىپ زەربە بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە تەكرار بويسۇندۇردى. بۇ ۋەقە تەخمىنەن 702 ـ يىلى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، 1893 ـ يىلى ئورخۇن بويلىرىدىن كلېمېنتز (Klementz) تەرىپىدىن تېپىلغان خويتۇ-تامىر (Hoytu — Tamiv) مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق يېزىلغان: مايمۇن يىلىدا، توققۇزىنچى ئايدا. . . بېشبالىققا باردۇق)⑥. كېيىنكى تۈرك خانلىقى بۇ قېتىمقى قايتۇرما ھۇجۇمدا پەقەت بېشبالىقنىلا ھۇجۇم قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدىكى بىرقانچە شەھەرلەرگىمۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى جاڭيې، ۋۇۋېي قاتارلىق جايلىرى) ھۇجۇم قىلىپ⑦ تاڭ سۇلالىسىنىڭ 17 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى ۋە پىيادە قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ئۇرۇش توغرىلىق بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق يېزىلغان: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىدىن 17 مىڭ ئەسكەرنى تۇنجى كۈنى ئۆلتۈردۈم. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ تامامىنى ئىككىنچى كۈنى ئۆلتۈردۈم»⑧.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن 727 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈپ، تاڭ سۇلالىسى تۈرك خانلىقىغا ھەر يىلى 140 مىڭ توپ گەزمال بېرىدىغان بولغان⑨. 734 ـ يىلى بىلگە قاغان ۋەزىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ئەۋلادلىرى خانلىقنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىشىگە كاپالەتلىك قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەجرىبىلىك، كۆپكە ماھىر ۋەزىر تونيۇقۇقتىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خانلىقتا قاراشلىق تۈرك قەبىلىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە باسمىللار ئاساسىي كۈچ ھېسابلىناتتى. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ

ئاغدۇرۇلۇشىدا ئۇلار زور رول ئوينىدى. تاڭ سۇلالىسىمۇ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئېغىر سىياسىي كىرزىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ قارلۇق ۋە باسمىللارنى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى قەبىلە تاڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلدى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە «شاد» بولغان مويۇنچۇرنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئوزمىشقا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بىلەن ۋە ئوزمىش تېكىنگە قارشى 743 - يىلى باسمىللارنىڭ كەڭ - كۆلەملىك ھۇجۇمىدىن كېيىن باسمىللار كۈچ جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى⑩.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئوزمىشنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدە جۇڭگو مەنبەئەلىرىدە باسمىللار قاغانىنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقى تىلغا ئېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدا مويۇنچۇرنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئوزمىش قاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەختىگە پەيمەي تېكىننىڭ چىققىنىنى (744 - يىلى)، ئۇيغۇر، باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ 745 - يىلى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمنى باشلىغانلىقىنى بىز مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشىدىكى خاتىرىلەردىن بىلەلەيمىز. «ئۇنىڭدىن كېيىن توخۇ يىلىدا تۈرك مىللىتىگە پەيمەي تېكىن خان بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ يۈرۈش قىلدىم»⑪.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىن كېيىن، ئۇيغۇر، باسمىل ۋە قارلۇق ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا قەبىلىلەر ئارا رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدا زىددىيەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 744 - يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار بىرلىشىپ باسمىللارنىڭ قاغانى «ئىلتېرىش قاغان» نى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنى ئىتتىپاقتىن سىقىپ چىقاردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ دوستلۇقىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. 745 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى كۆل بىلگە قاغان (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان) پەيمەي قاغاننى ئۆلتۈرۈپ كۈچلۈك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىدى. 746 - يىلى قارلۇقلار ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. 748 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىگە قارشى بارلىق كۈچلەرنى تازىلاپ ھاكىمىيەت ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. 752 - يىلىغا كەلگەندە توققۇزئوغۇز، قىرغىز، قارلۇق، چىك (QiK) ۋە باسمىل قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرى ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشىدا بۇ ئىسيانلار ۋە بۇ ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش ئەھۋالى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە پەقەت باسمىللارغا ئائىت قىسمىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز: «باسمىللار دۈشمەن بولۇپ ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇلارنى ئىچىگە كىرگۈزمىدىم... جايىدىلا يوقاتتىم. 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇرۇشتۇم. جايىدىلا نەيزىلىدىم... ئۇ يەردە كېيىن تۈرگىش ۋە قارلۇقلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ، يۇرتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كېتىپتۇ... باسمىللارنى دۇمبالىدىم»⑫.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىسيانچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بۇ ئۇرۇشىدا قۇتۇلۇپ قالغان بىر قىسىم قارلۇقلار تۈرگەشلەردىن پاناھلىق تىلەيدۇ. ئۇيغۇر قاغانى 754 - يىلى قارلۇقلار ۋە باسمىللارغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇلارنى دەخلىسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇ غەلىبىسى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: قارلۇقلاردىن ئامان قالغانلارنىڭ ھەممىسى تۈرگەشلەردىن پاناھلىق تىلىدى. يەنە يەرلىشىپ، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باردىم... ئۇ يەردە زەربە بەردىم... شۇنىڭدىن كېيىن باسمىل ۋە قارلۇقلار يوق بولدى⑬.

دېمەك، مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، باسمىللار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زەربىنى يېگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تارىخىغا خاتىمە بېرىپ بارا - بارا تىلغا ئېلىنمايدىغان بولغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى

www.uyghurkitap.com

باسمىللارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەرەپتە تۇرۇپ، مۇسۇلمان قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىدەك تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن باسمىللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىگە سىڭىپ تارىخقا ئايلانغانلىقىنى كېسىپ ئېيتالايمىز.

ئىزاھلار:


① ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، ئىستانبۇل، 1983 ـ يىل نەشرى 91 ـ بەت.
② ليۇ ۋېنشىن قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى»، ئۈرۈمچى، 1995 ـ يىل نەشرى، 73 ـ بەت.
③ ۋ. ئېبېرخارد: «جۇڭگونىڭ شىمالىي قوشنىلىرى»، ئەنقەرە، 1942 ـ يىل نەشرى، 65 ـ، 66 ـ بەتلەر.
④⑧ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرەپ 25 ـ قۇر، جەنۇب تەرەپ 1 ـ قۇر.
⑤ ئا. بومباچى: «مەلىكە شيەن لى بىلگىنىڭ ئەرلىرى»، بۇداپېشت، 1971 ـ يىل نەشرى، 225 ـ بەت.
⑥ «خويتۇ ـ تامىر Ⅱ مەڭگۈ تېشى» 1 ـ 3 قۇرلار.
⑦ ر. گرۇسسات: «بوزقىر ئىمپېرا تورلۇقى»، ئىستانبۇل، 1980 ـ يىل نەشرى، 120 ـ بەت.
⑨ ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 350 ـ بەت.
⑩ك. ماككېرراس: «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى»، كانبېررا، 1972 ـ يىل نەشرى، 8 ـ بەت.
⑪⑫⑬ «مويۇنچۇر قاغان (شىنە ـ ئۇسۇ) مەڭگۈ تېشى» شىمال تەرەپ 10 ـ قۇر، جەنۇب تەرەپ 4 ـ، 6 ـ قۇرلار. غەرب تەرەپ 1 ـ، 2 ـ قۇرلار.


تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

(بېشى 43 ـ بەتتە)

| ئامار | گىرېك، لاتىن مەنبەلىرى | كامار، كارىز | پىچان تۆيۇق يېزىسى |
|---|---|---|---|
| قاڭقىل (قاڭقالى) | خەنزۇچە مەنبەلەردە | قاڭقا مەھەللىسى | تۇرپان يار يېزىسىدا |
| چورۇق، چارۇق | «تۈركىي تىللار دىۋانى» | چورۇق كارىز | پىچان دىغار يېزىسىدا |
| شىر، شېرۋى | خەنزۇچە مەنبەلەردە، تۇبۇتچە ھۆججەتتە | شىر كارىز | پىچان تۆيۇق يېزىسىدا |
| يەمەك، يەـ ماك، ياماك | خەنزۇچە مەنبەلەردە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» | ياماق كارىزى | پىچان دىغار يېزىسىدا |

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ناملارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئېروگلىف يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى نەزەرگە ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، لەقەملەرنى يېنىكلىك بىلەن «بۇ بىر خىل ئوخشاپ قېلىش» دەپ خۇلاسە چىقارمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تۇرپانغا ئالاھىدە قىزىقىشى سەۋەبسىز ئەمەس. سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن ماقالەمنىڭ پۈتكۈل دېتاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدىم. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش زامان، ماكان، مۇھىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، باشقا قەدىمكى يۇرتلارنى تەكشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم. شۇڭا سەۋەنلىكتىن خالى بولۇش تەس.

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇر ھوشۇر نىيازى

# جياڭ جيېشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

خۇاڭ جيەنخۇا

ئاساسىي مەزمۇنى: 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئىلىدا پارتلىدى، كېيىنكى يىلى 9 - ئايغىچە تارباغاتاي، ئالتايلارغىچە كېڭەيدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تۈرلۈك نەيرەڭلەر بىلەن تاقابىل تۇردى. بۇ ماقالىدە جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زەربە بېرىش، سۆھبەتلىشىش، نەسىھەت قىلىش نەيرەڭلىرى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەتقىق قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچ: جياڭ جيېشى، شىنجاڭ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئىلىدا پارتلىدى، 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە تارباغاتاي، ئالتايلارغىچە كېڭەيدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ھەرخىل نەيرەڭلەر بىلەن تاقابىل تۇردى. ھازىرغا قەدەر ھېچكىم جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئاساسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىدى، شۇڭلاشقا بۇ جەھەتكە ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن رەتلەنگەن، قېزىلغانلىرى كۆپ ئەمەس. ئاپتور بۇ جەھەتتە بىلىدىغانلىرىنىڭ چاغلىق ئىكەنلىكىگە قارىماي، تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى.

## I

### 1. ھەرەمباغ ئۇرۇشى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان «ئازادلىق» تەشكىلاتى باش قاتۇرۇپ پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى، ئالدى بىلەن غۇلجىغا 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان نىلقا ناھىيىسىدە چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 1600 دىن ئارتۇق ئادىمى قوزغىلاڭنى باستۇرغىلى ئاتلاندى، شۇ سەۋەبتىن غۇلجىنىڭ شەھەر مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىشىپ، يەككە - يىگانە تايانچ پونكىتلارغا چېچىلىپ كەتكەن 1500 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنلا قېلىپقالدى. «ئازادلىق» تەشكىلاتى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىنى گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىشقا تەشكىللىدى، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ئىشغال قىلىنىۋېلىندى، گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ھەرەمباغ ئەتراپىغا چېكىنىپ مۇداپىئە كۆردى. جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بىلدۈرگەن تۇنجى ئىنكاسى قوراللىق باستۇرۇش بولدى، ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭغا «پۈتۈن كۈچى بىلەن» غۇلجىغا «ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ»، قوزغىلاڭنى «بالدۇرراق تىنجىتىش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى[1].

جۇ شاۋلياڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىشكە 5 يولدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. جياڭ جيېشى بۇ تەدبىرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، جۇ شاۋلياڭغا غۇلجا ئەتراپىغا توپلانغان ئەسكىرىي كۈچنى پائال ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللەپ، «غۇلجا، سۈيدۈڭلەرنى قايتۇرۇۋېلىش»، بۇنىڭ ئىلاجى بولمىسا، «ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر سۈپىتىدە غۇلجىدا تىركىشىپ تۇرۇش»؛ يۆتكەلمىگەن قىسىملار ئۈرۈمچىدىن يۇمىنگىچە

www.uyghurkitap.com

بولغان تاشيول مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جايلارغا كاپالەتلىك قىلىپ، «ۋەقە» نىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئايرودروملاردا تېزلىكتە مۇداپىئە ئىستېھكاملىرىنى ياساپ، «بىخەستىلىك قىلىپ قولدىن بېرىپ قويماسلىق زۆرۈر» لۈكى ھەققىدە يوليورۇق بەردى②.

ھەرەمباغقا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن 5 يول قوشۇننىڭ ئۈچى تەڭرىتاغ داۋىنىنى قار - مۇز قاپلاپ كەتكەچكە، يولغا چىقالمىدى، باشقا 2 يولدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارمۇ پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. جياڭ جيېشى ئىلىنى «تىنجىتىش» تىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، غۇلجىدا «تىركىشىپ تۇرۇش» تىن ئىبارەت «ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر» گە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇ شاۋلياڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن غۇلجىغا بېرىپ غۇلجا ئاسمىنىدا تۇرۇپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلاردىن جياڭ جيېشى نامىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى③. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جيېشى شەخسەن ئۆزى ھەرەمباغدىكى قوشۇنلارغا «ستالىنگراد روھىنى بېسىپ چۇشكۇدەك روھ بىلەن ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش» ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى④. پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ بىۋاستە قوللىشىغا ئېرىشتى⑤، ئۇلار زېنىت پىلىموت ئارقىلىق غۇلجا ھاۋا بوشلۇقىنى قامال قىلدى، گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن تەمىنات تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن يېقىنلىششقا ئىلاجسىز قالدى، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلار ئوق - دورا ۋە ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئايرىلىپ قالدى. ھەرەمباغ تايانچ پونكىتى شىددەتلىك توپقا تۇتۇلدى، «ئادەتتە كۈنىگە ئېتىلغان توپ ئوقى بىر نەچچە مىڭ پايغا يېتىدۇ»⑥. «ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر» نى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرغىلى بولماي قالدى، 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جياڭ جيېشى مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىشنى تەستىقلىدى⑦. قالدۇق قوشۇنلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش جەريانىدا يوقىتىلدى.

ھەرەمباغ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى دەردىنى ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلاردىن ئېلىپ، ئۇلارنى «قورقۇنچاق، يارىماسلار» دېدى. ئۇ جۇ شاۋلياڭدىن «ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قىسىملاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل كوماندىرلارنى جۇنجاڭدىن تارتىپ تۇەنجاڭ، يىڭجاڭغىچە قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالاش، بولۇپمۇ، شىجاڭ ۋە تۇەنجاڭلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، دەرھال ھەربىي سوتنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئىجتىھاتسىز ۋە جاسارەتسىزلەرگە ئىبرەت قىلىش» نى تەلەپ قىلدى⑧.

## 2. ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى خەلق ئىنقىلابلىرىغا بېرىدىغان مەدىتىنىڭ ئىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇ ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشىنى تەستىقلىغان كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازدى: ناۋادا روسىيە شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئارىلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كەچمەيدىكەن، «ئۇ ھالدا، مېنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىشىنى ساقلاپ تۇرۇشۇمغىلا توغرا كېلىدۇ، خالاس. بىراق، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، قۇمۇللارنى چىڭ ساقلاش كېرەككى، بۇلاردىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا، كەلگۈسىدە پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سېلىنىدۇ»⑨. 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۇ جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن خېتىدە بۇ ستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇردى؛ شۇ تاپتا شىنجاڭ توغرىسىدىكى پىلاندا مۇھىم تايانچ پونكىتلارنى قولدىن بەرمەي چىڭ ساقلاپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە قايتۇرۇۋېلىش بازىسى قىلىشقىلا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا ئومۇمىي ۋەزىيەت زورمۇ زور ساقلاپ قېلىنماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، جەزمەن پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىپ،

ئوڭشىۋالغۇسىز ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭغا مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئانچە ئەندىشە قىلىشىنىڭ هاجىتى يوق، جۇڭجېڭ بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئانچە ئەنسىرىمەيدۇ. هېچ ئىلاجى بولمىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا ئاز ساندىكى تايانچ پونكىتلارنىلا ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارغا شەھەرنى قوغداش ئىرادىسى بار خىل قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك، ئادەم سانىنى ھاۋا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوق - دورا مىقدارى بويىچە بەلگىلەش لازىم، باشقا كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى ئارقا سەپكە يۆتكەپ، تۈپ ئاساسنى مۇستەھكەملەش كېرەك. جىڭنىڭ غەربىدىكى قىسىملارنىمۇ مۇۋاپىق سۈرئەتتە جىڭ، شىخو ئەتراپىغا چېكىندۇرۇپ، مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. شۇ تاپتا پېقىر ئەتىياز پەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ تامامەن پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا، شۇڭا بۇنىڭغا پائال تەييارلىق كۆرمەي بولمايدۇ، ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەنسىرەپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق، بىزدە پەقەت مۇئەييەن تەدبىر ۋە مۇئەييەن كۈچ بولسا، چاما يەتمەيدىغان پىلان تۈزۈلمىسىلا كۇپايە. چۈنكى بەلگىلىك نەرسىدىن ۋاز كەچكەندىلا، تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆپ نەرسىگە ئىگە بولىمىز دەپ كۈچ بۆلۈنۈپ كەتسە، هېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماي قالىدۇ، خالاس⑩.

جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي پىلانىغا ئاساسەن، تېزلىكتە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا مۇداپىئە خاراكتېرلىك يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى: جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى جىڭغا چېكىندۇرۇپ مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ⑪، ئۈنى ئۈرۈمچىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىشتىكى بىر توساق قىلدى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى كۆكتوقاي، ئۇلۇڭگۈر دەرياسى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى چېكىندۇرۇپ، سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى)، بۇرۇلتوقايلارنى قوغداشقا ئاز ساندىكى ئەسكىرىي كۈچنى قالدۇردى، چېكىندۇرۇپ چىققان ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى گۇچۇڭ، قۇتۇبى، ماناس، شىخولارنىڭ كۈچىنى زورايتتى⑫. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن ئۆزگەرتىلمىدى، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قىسىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئىلگىرى شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا بولغان قىسىملار بولۇپ، قورال - ياراغلىرى كونا، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا ئۇرۇش تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ 10 شىسى بار ئىدى⑬، قىسىم شتاتى يېتەرلىك بولمىغاچقا⑭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچ 40 مىڭغا يەتمەيتتى⑮. جياڭ جيېشى چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭنىڭ 2 شى ئاتلىق ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى قارار قىلدى⑯، ئۇ بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇرۇش قىلغۇچى زاپاس كۈچنى كۈچەيتمەكچى ئىدى. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى بىپايان چۆللۈك ئايرىپ تۇراتتى، ھەربىي تەمىنات ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدىغان يېتەكچى ئامىل بولۇپ قالغانىدى، جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ قاتناش، ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قاتناش مىنىستىرى يۈ فېيپېڭنى ئۈرۈمچىگە 2 قېتىم ئەۋەتتى. يۈ فېيپېڭ شىنجاڭغا 255 ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ بەردى، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنىڭ ھەرخىل سىستېمىلىرىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان شىنجاڭ تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى⑰. ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كېلىدىغان بىرلا تاشيول — لەنجۇ - ئۈرۈمچى تاشيولى بار ئىدى، ناۋادا بۇ تاشيول قولدىن كېتىپ قالسا، شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يۆلىشىدىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. جياڭ جيېشى جەنۇبىي

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدا بىرى ئەنشىدىن چاقىلىق ئارقىلىق قاراشەھەرگە بارغىلى بولىدىغان، يەنە بىرى ئەنشىدىن يۈمېن قوۋۇقى ئارقىلىق تۇرپانغا بارغىلى بولىدىغان تاشيول ياساش، ئۇنى 1945 - يىل 8 - ئايغىچە پۈتكۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى[18]. شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋەزىيەت خېلىلا جىددىي ئىدى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇرۇمچى مۇھاسىرىدىكى شەھەرگە ئايلىنىپ قالسا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى جەزمەن ئۇرۇمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىلەتتى، جياڭ جيېشى يۆتكىلىش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان سىياسىي قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى[19]. جياڭ جيېشى بىر مەزگىلدە يەنە ئۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن شىنجاڭدا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن ھەربىي - مەمۇرىي ۋەزىپىنى قوشۇپ ئۈستىگە ئېلىش ئۈستىدە ئويلاشقانىدى[20].

جياڭ جيېشى مۆلچەرلىگەن ئەتىياز پەسلىدىكى «مالىمانچىلىق» يۈز بەرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ستالىن جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى «قانۇنىي ئارزۇ» دېدى[21]. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ئىلگىرىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇ شاۋلياڭغا «ئالتايىنى چوقۇم مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش» لازىملىقى ھەمدە ئالتاي بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى ئەرتەيىنى قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى[22]. ئەرتەي گۇچۇڭدىن ئالتايغا بېرىشتىكى مۇھىم قاتناش يولى ئىدى، ئەرتەيىنى قايتۇرۇۋېلىش جياڭ جيېشىنىڭ ئالتايىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتىن ھەربىي تەمىنات لىنىيىسى ئاچماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ جيېشى يەنە جۇ شاۋلياڭغا چىڭخەيدىكى 2 شى ئاتلىق ئەسكەر شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا تەييارلىق كۆرۈش لازىملىقىنى تاپىلىدى[23]. جياڭ جيېشى تازا كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئويلاپ باقمىغان ئىش يۈز بەردى.

## 3. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ئومۇمىي سەپ بويىچە ھۇجۇم قوزغىدى، جياڭ جيېشى شىمالىي شىنجاڭدا قۇرغان چۆچەك مۇداپىئە سېپى بۇزۇپ تاشلاندى — تارباغاتاي ۋالىيسى پىڭ رۇڭ ئەمەلدار - ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇرۇش قىلماي قېچىپ كەتتى. چۆچەكنىڭ قولدىن كېتىشى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى، بەزىلەر جەڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، شىخونىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنى تەشەببۇس قىلىشتى، بەزىلەر ئالدى بىلەن ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىشتى، «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چېكىنىش»نى تەشەببۇس قىلغانلارمۇ بولدى. قىسقىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ئالاقزادە بولۇپ، چىڭ ساقلاش ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالدى. جياڭ جيېشى «مەيلى جىڭ بولسۇن، ئالتاي بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنى چىڭ ساقلاش شەرت، چېكىنىشكە بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى[24] جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنغا ئۆز قولى بىلەن مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردى: «جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقلارنىڭ زېمىننى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ناۋادا بۇ باشلىقلاردىن خىزمىتىنى ئادا قىلماي، ئۆز ئالدىغا چېكىنگۈچىلەر بولسا، تامامەن ئۆز جايىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى لازىم. شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارغا شەھەر بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولىدىغان قەتئىي نىيەتكە كېلىش، ئۆز بۇرچىنى ئەلا بىلىش، دۆلەت زېمىنىنى قوغداشنى مۇھىم بىلىش ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈش كېرەك»[25]..

جياڭ جيېشى ئورۇنلاشتۇرغان چەت - ياقا ھەربىي تايانچ پونكىتلىرى چۆچەك، سارسۇمبە قاتارلىق جايلار كەينى - كەينىدىن قولدىن كېتىپ،

2 تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش جىڭ، شىخۇ ئەتراپىغا مەركەزلەشتى. جياڭ جيېشى جىڭ، شىخۇلارنى ئۇرۇمچىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان توساق قىلىپ، بۇ جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا 12 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق يېرىك ھەربىي كۈچ ئورۇنلاشتۇردى. ئىلى مىللىي ئارمىيىسى بۇ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئاساسىي كۈچىنى جەڭگە قاتناشتۇردى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ھەربىي قوشۇن، ئايروپىلانلىرىنى چىقىرىپ ياردەم بەردى[26]. ئۇلار 8 - ئايدا ئالدى بىلەن جىڭنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى شىخۇغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن كېيىن جىڭغا ھۇجۇم باشلىدى، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىخۇنى ئالدى، شىخۇنىڭ غەربىدىكى جىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. جياڭ جيېشى ئەمدى جىڭنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا جىڭدىكى قوشۇنلارغا «مۇستەھكەم ساقلاشقىلا بولىدۇ»، «چېكىنىشكە بولمايدۇ»، «بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرقى 5 مىنۇتنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى[27]. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جىڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلار چېكىنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئۇنى ئەيىپلەپ مۇنداق دېدى: «جىڭدىكى قىسىملار مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئۆز ئالدىغا چېكىنىپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلار چېكىنگەندىن كېيىن، پۈتۈن قوشۇن يول ئۈستىدە يوقىتىلىپ، زادىلا قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈمىدى بولماي قالىدۇ». جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى تولىمۇ روشەن ئىدى، چېكىنىپ يول ئۈستىدە قىرىلىپ كەتكەندىن كۆرە سەپتە چىڭ تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى كېچىكتۈرگەن ياخشى ئىدى.

## 4. ئۇرۇمچىنى چىڭ ساقلاش تەييارلىقى

جياڭ جيېشى مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان جىڭ - شىخۇ مۇداپىئە لىنىيىسى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىنى چىڭ ساقلاش يولىدىكى ھەربىي پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ شىنجاڭغا قاراپ كېتىۋاتقان 2 شى چىڭخەي ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئالدىراتتى؛ 5 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گو جىچياۋنى «8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى» دېگەن نام بىلەن يۆتكەپ، ھەربىي ئىشلارغا «ياردەملىشىش» كە ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى، ئەمەلىيەتتە، گو جىچياۋغا ئۇرۇمچىنى قوغداش جېڭىنى تەشكىللەتكۈزمەكچى ۋە قوماندانلىق قىلغۇزماقچى ئىدى؛ ھەربىي كومىتېت سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا «ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش»، «كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش» قا ئەۋەتتى[29]؛ كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولۇپ كەتكەن «شىنجاڭدىكى ھەربىيلەر ۋە پۇقرالارنىڭ باش ئەمەلدارلىرى» جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا «سوغۇق قانلىق بىلەن چىڭ تۇردۇڭلار» دەپ تەسەللى بەردى، ئۇرۇمچىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولسىلا، «ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ» غانلىقىنى ئېيتتى[30]؛ ۋۇ جۇڭشىنغا كىشىلەر كۆڭلىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى «چۈڭچىڭغا كېلىشنى ۋاقتىنچە كەينىگە سۈرۈش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى[31]؛ شىنجاڭدىكى قىسىملارغا ئۆز جايىنى چىڭ ساقلاش، «ئۆز ئالدىغا يۆتكىلىشكە بولمايدۇ» غانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى[32]؛ جۇشاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا ھەر قانداق ئادەم بۇيرۇق ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا چېكىنسە، ھەل قىلغۇچ پەيتتە جەڭ مەيدانىدىن قاچقانلىق جىنايىتى بىلەن جەزمەن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلارغا بۇيرۇق يەتكۈزۈشنى قايتا - قايتا ئۇقتۇردى[33]؛ جاڭ جىجۇڭدىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتا ئىجتىھاتسىزلىق قىلغان 29 - جىتۈەنجۈننىڭ باش قوماندانى لى تيېچۈندىن كۈتىدىغان «ئۈمىد» نى يەتكۈزۈپ قويۇشنى، «ئۇنىڭغا غەلىبە قازىنىش يولىدا قۇربان بولۇش روھى بويىچە جەڭ مەيدانىدا ھايات - ماماتتا بىللە بولىدىغان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۇرۇمچىنى قوغداش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش» نى تەلەپ قىلدى[34].

ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇمچىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەسكىرىي كۈچ ئاران 6 يىڭ ئىدى، ياردەمگە

uyghurkitap.com

ئەۋەتىلگەن قىسىملار تېخى 10 كۈنلۈك يىراقلىقتا بولۇپ، دەماللىققا جانغا ئەسقاتمايتتى، ناۋادا ئىلى مىللىي ئارمىيىسى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ قالسا، گومىنداڭنىڭ بىچارە قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان ماناس دەرياسى مۇداپىئە لىنىيىسى بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايتتى. ئەمما ئىلى مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمدىن ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەگە ئۆتكەنىدى، جياڭ جيېشى شىمالىي شىنجاڭدا ساقلاپ قالماقچى بولغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئۈرۈمچى شۇنداقلا خەۋپ - خەتەردىن ئامان قالدى.

Ⅱ

### 1. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش

1) شىنجاڭ - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سۆھبىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

سۆھبەتلىشىش جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوراللىق باستۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا تەييارلاپ قويغان نەيرىڭى ئىدى. جياڭ جيېشى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇ شاۋلياڭغا مۇنداق يوليورۇق بەردى: ئىلىدا ئۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا، «پىلانىمغا دەخلى يېتىپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، روسىيە كونسۇلى بىلەن تېز ئارىدا ئالاقە باغلاش ھېلىھەم زۆرۈر». ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇ شاۋلياڭغا مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بۇداۋمىڭنى شىنجاڭ - سوۋېت دىپلوماتىيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشتۇرگىلى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى[35].

جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بەرگەنلىكىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ داۋمىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قىلغان سەپىرىنىڭ مەقسىتىمۇ يېڭىلىنىپ تۇردى. ئۇ بۇ داۋمىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن شىنجاڭ - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئۈستىدە كېڭىشىشنى ھەمدە چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىش، سۆھبەتنىڭ «غۇلجا توپىلىڭى»غا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان - كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆزىتىشنى، ئاندىن كېيىن شىنجاڭنى تۈزەشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى فاڭجېنى سۈپىتىدە پۈتكۈل شىنجاڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى[36]. جياڭ جيېشى يەنە جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا مۇنداق دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى: «روسىيىگە قارىتىلغان دىپلوماتىيىنى شۇ جايدا ئېلىپ بېرىش كېرەك، ناۋادا بۇنىڭدىن سەللا ئۈمىد بولىدىكەن، زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يول قويۇشقا بولىدۇ»[37].

بۇ داۋمىڭ 12 - ئايدا ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېف بىلەن چېكىپ بېقىش غەرىزىدە ئۇچراشتى. يېۋسېيېف ئىلىدىكى «ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىنى ئالغان قوزغىلاڭ»نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى[38]. يېۋسېيېف بۇ داۋمىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ - سوۋېت سودىسى لايىھىسى توغرىسىدا توختالغىنىدا، بۇ سودا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا خەلق كومىسسارىياتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگىنى ئوتتۇرىسىدىلا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، «ھەمكارلىشىش دائىرىسى تولىمۇ تاردەك قىلىدۇ» دەپ قارىدى، ئۇنىڭ شەخسەن قارىشىچە، جۇڭگو تەرەپ «شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۈستىدە» «كونكرېت پىكىرنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم» ئىكەن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «سۆھبەتلىشىدىغان نۇقتا مەسىلىسى» توغرىسىدا ھوقۇق بەرمىگەن[39].

مەمۇرىي كېڭەش باشلىقى سۇڭ زىۋېن بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسېيېف بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلاردىكى خادىملارنىڭ يىغىنىنى چاقىردى، بۇ يىغىندا

«شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى جۇڭگو - سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپ» كېڭەشىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا سۇنۇلدى. بۇ تەكلىپ 2 مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى: (1) سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان سودىدا شىنجاڭ ئۆلكىسى باشقۇرۇشنى پرىنسىپ قىلىش، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلماسلىق كېرەك. (2) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسى توغرىسىدا: (ئا) شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى مەركىزىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا بەلگىلەنگەن تاشقى مەبلەغنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە جۇڭگو، سوۋېت 2 دۆلەت بىرلىكتە تەشكىللىشى كېرەك؛ قېزىلما بايلىقلارنى قېزىشتا 2 تەرەپنىڭ مەبلىغى تەڭ يېرىمدىن بولۇشى، مەمۇرىي خادىملاردا جۇڭگو تەرەپ 1 - ئورۇندا، سوۋېت تەرەپ 2 - ئورۇندا تۇرۇشى، تېخنىكا خادىملىرىدا سوۋېت تەرەپ 1 - ئورۇندا، جۇڭگو تەرەپ 2 - ئورۇندا تۇرۇشى، بوغالتىرلىقنى 2 تەرەپ ئەۋەتكەن خادىملار بىرلىكتە ئىشلىشى لازىم. (ب) مايتاغ نېفىت كانىنى سوۋېت تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاندى، بۇنىڭغا دائىر ئىشلارنى يېڭى كېلىشىم بويىچە ئىشلەش كېرەك. ئەمما جۇڭگو تەرەپ تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى قارشى ئالىدۇ ھەمدە بىر قىسىم خام نېفىتنى سوۋېت تەرەپكە سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. (س) يېنىك سانائەت جەھەتتىكى ھەمكارلىقتا 2 تەرەپ زاۋۇت قۇرۇش ئۈستىدە ھەر ۋاقىت كېڭەشسە بولىدۇ[40]. سۇڭ زىۋېن 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ تەكلىپنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا ۋەكالەتچىسى سكوسسوۋغا يۈز تۇرانە تاپشۇردى، «سوۋېت تەرەپ جاۋاب بەرمەي تاشلاپ قويدى»[41].

2) «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» توغرىسىدىكى سۆھبەت.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ - سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالىمىغانلىقى جياڭ جيېشىگە جۇڭگونىڭ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بەلگىلەپ بەرگەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئامالسىز ماسلىشىشىغىلا توغرا كېلىدىغانلىقىنى تونۇتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسى جەھەتتىكى تىنچلىق دىپلوماتىيىسى تىرىشچانلىقلىرىدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كەچتى. جياڭ جيېشى 1945 - يىل 6 - ئايدا ستالىننىڭ ئامېرىكا زوڭتۇڭىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى خوپكىنسقا ئۆزىنىڭ مانجۇرىيە، شىنجاڭغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپى يوقلۇقىنى، جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت 3 دۆلەت مەخپىي ئىمزالىغان «يالتا كېلىشىمى»نىڭ جۇڭگوغا ئالاقىدار قىسىم - ماددىلىرىدىنمۇ ۋاقىپ بولدى.

جياڭ جيېشى ستالىن بىلەن «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئۈستىدە سۆھبەت باشلاش ئۈچۈن سۇڭ زىۋېن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى موسكۋاغا ئەۋەتتى، ئۇ، ئەمەلىيەتتە، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يالتا كېلىشىمىنىڭ جۇڭگوغا ئالاقىدار قىسمىدىكى ماددىلىرىنى جۇڭگو، سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى 2 تەرەپلىك شەرتنامە شەكلى ئارقىلىق قوبۇل قىلماقچى ئىدى. جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ قارايتتى: جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى «ئەڭ زور قۇربان بەرگەنلىك» ھېسابلىنىدۇ، «ناۋادا دۆلىتىمىز ئىچىدە (شەرقىي شىمال بىلەن شىنجاڭ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەقىقىي بىرلىككە كېلىش ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشقان، بارلىق زېمىن، ئىگىلىك ھوقۇق ۋە مەمۇرىي ئىشلار ھەقىقەتەن كەم - كۈتىسىز تولۇق بولغان چاغدا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى، ئېھتىمال، ئويلىشىپ كۆرگىلى بولار»[42] ستالىن جياڭ

www.uyghurkitap.com

جىيشىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتىگە يازما كاپالەت بېرىشكە ۋەدە قىلدى. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىدە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «شىنجاڭدىكى يېقىنقى ۋەقەلەر توغرىسىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىدا ئېيتىلغىنىدەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى قەيت قىلىدۇ»㊸.

## 2. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت

سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا يەنىلا ئەمەلىي مەدەت بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» دە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي رامكىسى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، جياڭ جىيشىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. جاڭ جىجۇڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جياڭ جىيشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش يۈزىسىدىن يېۋسېيېف بىلەن كۆرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروف 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇشنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جياڭ جىيشىدىن يوليورۇق سورىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا ياردەم بەرمەكچى بولغانلىقىغا رەھمەت، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، «تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسى» ئۈستىدە جاڭ جىجۇڭ بىلەن كېڭەششنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى ۋە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى سورايمىز. جياڭ جىيشى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. جياڭ جىيشى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جاڭ جىجۇڭغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

جاڭ جىجۇڭ جياڭ جىيشى تەرىپىدىن بېرىلگەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي سۆھبەت داۋامىدا دۇچ كەلگەن ھەر قانداق مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ھەر ۋاقىت جياڭ جىيشىدىن يوليورۇق سوراپ ۋە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ، جياڭ جىيشىنىڭ قارار قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. 2 تەرەپ 8 ئايدىن ئارتۇق جاپالىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بېتىم» ۋە قوشۇمچە ھۆججەت (1)، قوشۇمچە ھۆججەت (2) نى ئىمزالىدى. بۇ «تىنچلىق بېتىمى» دە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسى بەلگىلەندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسى ئىچىدە 6 نەپىرىنى ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 نەپىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ 3 تۈەنى ۋە شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش قىسمىنىڭ 3 تۈەنى قىلىپ تۈزۈلىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايى 3 ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى، بۇلار شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى ۋە شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت چېگرىسىنى ساقلاش ئىشىغا

مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 3 ۋىلايەت ئاتاقتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى.

Ⅲ

جياڭ جيېشىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئېھتىياجىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، مەسىلىنى نوقۇل قورال كۈچىگە تايانغان بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن «بارلىق سىياسىي ۋاسىتىلەر ۋە قولىدىن كېلىدىغان ھۈنەرلەرنى ئىشقا سېلىش» ئارقىلىق شىنجاڭنى «بىر ئىلاج قىلىپ ساقلاپ قېلىش» كېرەكلىكى㊹، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئايان بولدى.

**1. ئاز سانلىق مىللەتلەر زاتلىرى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى قاتلام ھاكىمىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى.**

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن تەلئەت، لىۋ بىڭيى، گۇاڭلۇلار ھۆكۈمەتكە شىنجاڭدا سىياسىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى «مۇنەۋۋەر زاتلار»غا «مۇناسىپ ئورۇن بېرىش»، ھەر قايسى مىللەتلەرگە «باراۋەر مۇئامىلە قىلىش» ئارقىلىق ئىلى تەرەپنىڭ تەشۋىقات جەھەتتىكى باھانە - سەۋەبلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى㊺. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا چۇڭچىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلاردىن مەسئۇت، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارمۇ جياڭ جيېشى شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆزلىرىنى چاقىرتقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىغا «شىنجاڭدىكى بارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك خادىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى نوپۇس نىسبىتى بويىچە يەرلىك خەلقتىن تەيىنلىنىشى» ھەققىدە تەكلىپ بەردى ھەمدە جياڭ جيېشىدىن ئۆزلىرىنى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ياساش ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئىشلارنى تىنچىتىش»قا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى㊻.

جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇۋاپىق ئورۇنغا قويماقچى بولدى، مۇنداق قىلغاندا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتىنى كۆز - كۆز قىلغىلى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدىكى دىققەت - نەزەرنى مۇجىمەللەشتۈرگىلى بولاتتى. بىراق جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋۇ جۇڭشىننىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىشى لازىم ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە «ھەممە جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلىش»قا ئوغلى جياڭ جىڭگونى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى㊼. جياڭ جىڭگو ۋۇ جۇڭشىنغا شىنجاڭدا ھەر مىللەت زاتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش، يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى مەسئۇل خادىملاردا باشقا مىللەتلەر 1 - ئورۇندا، خەنزۇلار 2 - ئورۇندا تۇرۇشى، «مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ»غانلىقى ھەمدە «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىنى تەسىس قىلىش»، بۇ ئورۇنغا باشقا مىللەتلەرنىڭ «ئابرويلۇق زات»لىرىنى «تاللاپ» قويۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا پىكىر قىلدى㊽. ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرەپ، ناۋادا شىنجاڭدا خادىملارنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، «ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن قىلىشقا توغرا كېلىدۇ»غانلىقىنى ئېيتتى㊾. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى يەنە چۇڭچىڭدا ۋۇجۇڭشىندىن مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ ۋەزىپە ئۆتىشىگە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى يۈز تۇرانە سورىدى. ۋۇجۇڭشىن مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش

www.uyghurkitap.com

قارا نىيىتىدىن نارازى بولغاچقا، مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پانتۈركىزملىق «ناتوغرا ئىدىيە» دىن ۋاز كېچىشىنى ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت قىلدى[50]. جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭدىن يۆتكەش قارارىغا تېخى كەلمىگەن بولغاچقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تارباغاتاي، ئالتايلارغا يۈرۈش قىلىشى بۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، جياڭ جيېشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش پىلانىنى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جاڭ جىجۇڭغا «خېلىلا قەتئىي پوزىتسىيە» بىلەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش زۆرۈر، چېگرا رايونلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدۇ، رەئىس ۋە نازىرلارنىڭ مۇئاۋىنى بار بولۇشى كېرەك، رەئىس (نازىر)، مۇئاۋىن رەئىس (مۇئاۋىن نازىر) لىكنى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى ئايرىم - ئايرىم زىممىسىگە ئېلىشى لازىم[51]. جياڭ جيېشى 1946 - يىل 2 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، مەسئۇتنى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 3 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىپىلىرىدىن سورىغان ئىستىپاسى تەستىقلاندى، جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە قوشۇمچە تەيىنلەندى. 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىن كۆرسىتىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان 15 كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. 1947 - يىل 5 - ئايدا جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن سورىغان ئىستىپاسى تەستىقلاندى، مەسئۇت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

**2. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقلىرىگە سىياسىي جەھەتتىن يول قويۇلدى.**

مەسئۇت قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى جياڭ جيېشىغا «گومىنداڭ دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى ۋە 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسىدە رۇخسەت قىلىنغان چېگرا رايونلار مۇختارىيىتى (ئاپتونومىيىسى) نى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىشى» ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى[52]. جياڭ جيېشى شىنجاڭدا «مۇختارىيەت» نى يولغا قويۇشقا قوشۇلمىدى[53]، ئەمما ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بەلگىلىك مىللىي ھوقۇق بەرمەكچى بولدى[54]. ئۇ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا، سۇڭ زىۋېنغا ستالىن ئالدىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە «بىر قانچە جەھەتتە يول قويۇش» قا ۋەدە بېرىش توغرىسىدا يول كۆرسەتتى[55]؛ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا، ئۇ جاڭ جىجۇڭ ئىمزالىغان «تىنچلىق بىتىمى» نى يولغا قويۇشنى تەستىقلاپ، «يول قويۇش» ۋەدىسىنى كونكرېتلاشتۇردى.

«تىنچلىق بىتىمى» دە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ». سايلاش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: «ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى خەلق ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ، ناھىيىلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ»؛ «ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ»؛ «ناھىيىلەردە ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا

ھەمكارلىشىدۇ» .

«تىنچلىق بىتىمى»دە يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى؛ ھۆكۈمەت خەلققە «تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» بېرىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان خەت ـ ئالاقىلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ قوللىنىلىدۇ؛ «ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنىڭ ھۆرلۈك بىلەن تەرەققىي ئېتىشىنى تەمىن ئېتىدۇ» ؛ «ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇق سۆزلەردە ھۆرلۈكنى تەمىن ئېتىدۇ» ؛ ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. مۇنداق سېلىقنىڭ مىقدارىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ «ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ـ تاشقى سودا ھۆرلۈكىنى بېرىدۇ» .

بۇنىڭدىن باشقا، جياڭ جيېشى يەنە باشقا بەزى نەسىھەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى، ئالايلۇق، شىنجاڭلىق ياشلارنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن ئازاد قىلىش⑯ ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتىش⑰ ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار-نىڭ بارلىق ھەربىي خىراجىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ يۈكىنى مۇناسىپ ھالدا يەڭگىللىتىش⑱ ، شىنجاڭ پۇلى، فابى پۇلى، قەغەز ئالتۇن دوللارنى ئايرىۋاشلاش نىسبىتىنى بەلگىلەشتە شىنجاڭنىڭ ئۆز پۇلىنى تارقىتىشنى ساقلاپ قېلىش⑲ قاتارلىقلارنى قوللاندى.

---

ئىزاھلار :

① «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى» ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) گە قاراڭ. ۋۇ جۇڭشىننىڭ خاتىرىسىگە نۇرغۇن تېلېگراما، خەت ـ ئالاقە، دوكلاتلارنىڭ كۆچۈرۈلمىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن نامى بارلىرىغا ئەسلىدىكى نامى بويىچە ئىزاھات بېرىلدى، نامى يوقلىرىغا ئاپتور تەرىپىدىن خەت ـ ئالاقە ۋە تېلېگراممىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنىش ـ تارقىتىلىش مۇناسىۋىتىگە ياكى مەزمۇنىغا ئاساسەن نام قويۇلدى.

② «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا ئەۋەتكەن خېتى» (1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) ، ۋۇجۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) گە قاراڭ.

③ ۋاڭ يۈنئۇ تۈزگەن «مىنگو دەۋرىدىكى گېنېرال جۇ شاۋلياڭنىڭ تەرجىمىھالى» (تەيۋەن سودا باسمىخانىسى 1981 ـ يىل نەشرى) 36 ـ بەت.

④ «قۇرۇقلۇق ئارمىيە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 2 ـ جۈنى قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» (ش ئۇ 514 ـ نومۇرلۇق) ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) گە قاراڭ.

⑤ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغانلىقىغا ئائىت پاكىتنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇن ماتېرىياللار بار. ئەينى ۋاقىتتا ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان 29 ـ جىتۇەنجۈننىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈن مۇنداق دەيدۇ: «ئېنىقلىنىشىچە، باندىتلار ئىچىدىكى بەنجاڭدىن يۇقىرى كوماندىرلار ئارىسىدىكى ئالاھىدە قىسىم تېخنىكا خادىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بولغان ئاساسىي قوشۇنلارنىڭ ھەل قىلغۇچ جېڭى يۈز بەرگەن جايلاردا سوۋېت قوشۇنلىرى ۋە ئىنتايىن رەتلىك، خىل ئاتلىق ئەسكەرلەر تالاي قېتىم كۆرۈلگەن» («لى تيېجۈننىڭ 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خېتى» ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» ،1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، گە قاراڭ) . 1949 ـ يىل 8 ـ ئايدا غۇلجىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دىڭ لىچۈننىڭ يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «1944 ـ يىلدىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە گومىنداڭنىڭ بىر شى ئاساسىي كۈچى ئىلى ئەتراپىدا يوقىتىلغان،

www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەتتە، بۇ جەڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدىتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن قوزغىلاڭچى ئامما قىلغان، غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلارمۇ تامامەن مىللىي ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن» (دېڭ لىچۈن: «شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدە — جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بىر سەھىپە»، «يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقاتى» نىڭ 1989 - يىللىق - 5 - سانىغا قاراڭ). 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە غۇلجىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان ج ك پ شىفىر تەرجىمانى پېڭ گوئەنمۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىدىكى ۋەزىيەت ھەقىقەتەن سوۋېت قوشۇنلىرىغا تايىنىش ئارقىلىق يارىتىلغان» («يولداش پېڭ گوئەننىڭ 1979 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» دىن، شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى يېقىنقى زامان تارىخى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭدىكى ئىنقىلابلار تارىخىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن زىيارەت ماتېرىياللىرى توپلىمى» (2) نىڭ 1981 - يىلدىكى شاپىگراف نۇسخىسىغا قاراڭ). ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رادىئو ئارقىلىق مۇنداق خەۋەر تارقاتقان: 10 - ئايدا سوۋېت ھەربىيلىرىدىن 5000ى ئاسىيلىق قىلدى، ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار شىنجاڭغا قېچىپ كېتىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش سودا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كاتىپىمۇ سىرتتىكىلەرگە سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلغان ھەربىيلەرنىڭ دېرىكىنى بەرگۈچىلەرگە 200 مىڭ رۇبلىي ئىنئام قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان («زۇڭسەيگە مىنگونىڭ 33 - (چوشقا) يىلىنىڭ بېشىدا ئەۋەتىلگەن تېلېگرامما» دىن، ۋۇ جوڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گە قاراڭ).

⑥ «قۇرۇقلۇق ئارمىيە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 2 -جۇنى قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» (ش ئۇ 514 - نومۇرلۇق)

⑦ ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)؛ خۇشېڭ: «غۇلجىدىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش جەريانى» (1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى)، ۋۇ جوڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) گە قاراڭ.

⑧ «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن خېتى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)، ۋۇ جوڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) گە قاراڭ.

⑨ جياڭ جيېشىنىڭ 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسى، خۇاڭ رېنيۈ (ئامېرىكا) نىڭ «جياڭ جيېشىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى جۇڭ تارىخىي تۇرغۇدىن ئوقۇغاندا» دېگەن ئەسىرى (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى) 400 - بەتتىدىن ئېلىندى.

⑩ «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا يازغان خېتى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى).

⑪ ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى).

⑫ ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى).

⑬ يۇ فېيپېڭ قاتارلىقلار: «ھەربىي ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ترانسپورت باش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس» (1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)، ۋۇ جوڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) گە قاراڭ.

⑭ ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى).

⑮ ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 1- كۈنى).

⑯ ۋۇ جوڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى). جياڭ جيېشى 1945 - يىل 1 - ئايدا ما بۇفاڭنىڭ 2 شى ئاتلىق ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى قارار قىلغانىدى، بىراق ما بۇفاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىدىن قورال - ياراغ، خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مابۇفاڭنىڭ قىسىملىرى 9 - ئايدىن كېيىنلا شىنجاڭغا كەينى - كەينىدىن كىردى.

⑰ يۇ فېيپېڭ قاتارلىقلار: «ھەربىي ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ترانسپورت باش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس» (1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى). يۇ فېيپېڭ، جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جوڭشىنلار 1945 - يىل 1 - ئايدا بىرلىكتە جياڭ جيېشىگە شىنجاڭدا تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى، جياڭ جيېشى بۇ ئىلتىماسنى تەستىقلىدى. ئەمما ئالاقىدار تارماقلار تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئۇرۇش ترانسپورت ئىدارىسىگە ياكى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە تەۋە بولىدىغانلىقى ئۈستىدە بىر - بىرىگە دۈڭگىدى، كېيىن جياڭ جيېشى ئۇنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات

بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېسىم چىقاردى. شىنجاڭ تەمىنات باشقارمىسى 1945 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلدى.

⑱ ۋۇ جۇڭشىن؛ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ ئەنشىدىن چاقىلىق ئارقىلىق قاراشەھەرگە بارغىلى بولىدىغان بۆلىكىلا ياسالدى، قول ئۈچىدا ياسالغان بۇ تاشيولدا 1946 - يىل 1 - ئايدا زورمۇ زور قاتناش باشلاندى.

⑲ «جياڭ جيېشى نامىدىن ۋۇ جۇڭشىنغا ئەۋەتىلگەن تېلېگرامما» (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) گە قاراڭ. 1945 - يىل 4 - ئايدا جياڭ جيېشى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، مەمۇرىي مەھكىمە ئورنى ۋە مۇدىرىنىڭ نامزاتىنىمۇ تاللاپ بېكىتتى. ئەمما كونكرېت يولغا قويۇش ۋاقتىدا، ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىگە شىنجاڭنى 4 ئۆلكىگە بۆلۈش تەكلىپىنى بەردى. ئۆلكىنى بۆلۈش تەكلىپى گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا رەت قىلىندى، بىراق جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش ئىشى قويۇپ تۇرۇلدى. كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبىتى نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى تىنچ ۋەزىيەتكە ئاساس سېلىنغانلىقتىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىكى ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ ئۈستىگە مەمۇرىي مەھكىمە تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش ئىشى قېلىپ قالدى.

⑳ جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋەزىپىسىنى ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ قوشۇپ ئۈستىگە ئېلىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى، بۇ ئىش ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ قوماندان بولغۇسى يوقلۇقى تۈپەيلىدىن قېلىپ قالدى. ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉑ چېن شياۋيى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ 1 - قىسمى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى» 3 - قىسىم «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) (تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردە «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» دەپ ئېلىندى) 618 - بەت.

㉒ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى).

㉓ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

㉔ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى).

㉕ «زۇڭسەينىڭ 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۆز قولى بىلەن چۈشۈرگەن بۇيرۇقى» (1945 - يىل)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉖ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇن ئەۋەتىپ جىڭ، شىخۇ ئۇرۇشىغاقاتناشتۇرغانلىق پاكىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، «رادىئودا 2 تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر، 20 ئايروپىلاننىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغانىدى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉗ گوچى: «قانغا بويالغان قۇملۇق» (تەيۇەن شېڭۇېن كىتابخانىسى 1986 - يىل نەشرى) 96 - بەت.

㉘ زۇڭسەينىڭ جۇ شاۋلياڭغا ئەھۋالنى كۆزىتىپ بېقىش توغرىسىدا يوللىغان تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉙ جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» (2 - قىسىم) (تارىخ ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى) 418 - بەت.

㉚ «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى».

㉛ «ۋېييۇەنجاڭنىڭ چۇڭچىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉜ «ۋېييۇەنجاڭنىڭ چۇڭچىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) گە قارا (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉝ «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى».

㉞ «جاڭ جىجۇڭنىڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) گە قاراڭ.

㉟ «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊱ «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا يازغان خېتى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊲ «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا يازغان خېتى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى).

㊳ «بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسىيېۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊴ «بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسىيېۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊵ «زۇڭسەيىنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊶ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى» (تەيۋەندىكى «جۇڭخۇا مىنگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى» تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان، 1950 - يىل نەشرى) 140 - بەت.

㊷ «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) 593 - بەت.

㊸ «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) 655 - بەت.

㊹ «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا يازغان خېتى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى).

㊺ تەلئەت قاتارلىقلار: «غۇلجا ۋەقەسى توغرىسىدا دوكلات» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊻ جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپ يۇرتى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگونىڭ تارىخ ئارخىپ ماتېرىياللار توپلىمى» 5 - توپلام 2 - قىسىم «سىياسەت (4)» (تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردە «سىياسەت (4)» دەپ ئېلىندى) (جياڭسۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى) 835 -، 837 - بەتلەر.

㊼ «جياڭ جيېشىنىڭ ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خېتى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) گە قاراڭ.

㊽ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

㊾ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

㊿ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى).

(51) «جۇڭچىڭدىن بولۇم باشلىقى جاڭ ۋېنبيگە ئەۋەتىلگەن تېلېگراما»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) گە قاراڭ.

(52) «سىياسەت (4)» 835 - بەت.

(53) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17- كۈنى)

(54) ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

(55) «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) 618 - بەت.

(56) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى).

(57) «ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ زۇڭسەيگە يوللىغان تېلېگراممىسى»، «زۇڭسەيىنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) گە قاراڭ.

(58) ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى).

(59) جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 2 - قىسىم 573 - بەت.

(«جۇڭگو چېگرا رايونلىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقاتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى)
غوجائەخمەت يۇنۇس تەرجىمىسى

uyghurkitap.com

# ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەر ناملىرى ھەققىدە


**ئابلىمىت مۇھەممىدى**

(ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدىن)

**ئىسھاق باستى**

(غۇلجا شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتىدىن)


يەر ناملىرى تەتقىقاتى — ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىپ، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، كارتوگرافىيە، سەيلى - ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى رولى ئىنتايىن زور.

يەر ناملىرى ناھايىتى ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە خىزمەت. ھەر بىر يەر نامىنىڭ مۇئەييەن كېلىش مەنبەسى، بەلگىلىك تارىخىي ئالاھىدىلىكى بار. شۇڭا يەر ناملىرىنىڭ توغرا، مۇكەممەل، ئۆلچەملىك ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشى شۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى بېجىرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا قىلچە بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بەزىدە بىر ھەرپ بىرەر چېكىت، بىرەر بوغۇمنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى ئىپادىلىمەكچى بولغان يەر نامىلىرىنىڭ ئەسلى ئورنىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن:

ئامو دەرياسى — ئامور دەرياسى

«ئامو دەرياسى» (阿姆河) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئافغانىستان بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىغا جايلاشقان مەشھۇر دەريا.

«ئامور دەرياسى» «黑龙江» خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ رۇسچە ئاتىلىشى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىغا جايلاشقان، روسىيىنىڭ يىراق شەرق رايونىدا ئامور ئوبلاستى، ئامور قولتۇقى ۋە كومسومولىسكى ئامور دېگەن شەھەر بار. خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ نامى 60 - يىللارغىچە ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «ئامور دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەندى.

دېمەك، دىققەت قىلىنمىسا، «ر» ھەرپىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئارىلىقى 10 مىڭلاپ كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى چوڭ دەريا ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

ئاۋستىرىيە — ئاۋستىرالىيە

شۋېتسىيە — شۋېتسارىيە

ياركەنت (قازاقىستان يەركەت شەھىرى) — يەركەند (قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسى) قاتارلىقلار.

ئەمەلىيەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ قويىدىغان مۇنداق ھادىسىلەر يەر ناملىرىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىلى دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان نىلقا ناھىيىسىدىكى قاش دەرياسى خەنزۇچە «哈什河» دەپ يېزىلىدۇ.



uyghurkitap.com

بىراق جۇغراپىيىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق بىر تەرجىمان بۇ دەرىيانى «قەشقەر دەرياسى» دەپ تەرجىمە قىلغان، دەرۋەقە خەنزۇچە خەت شەكلى ئوخشاپ قالسىمۇ، «قەشقەر دەرياسى» ئىلى رايونىدا نىمە ئىش قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ باقمىغان. مەسىلەن: ئىلى رايونىدا توققۇزتارا ناھىيىسىگە يېقىن ئۆزۈندىن بۇيان «گۆر جىلغا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر جاي بار. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ يەرگە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جايلىشىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. «گۆر جىلغا دېھقانچىلىق مەيدانى» دېگەننى خەنزۇچە «گاۋئېرجى نۇڭچاڭ» (高尔基农场) دەپ ئاتىۋالغان. بەزى تەرجىمانلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا «گوركى دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. دېمەك يۇقىرىقى ئاددىي مىساللاردىن شۇنى چۈشىنىپ يېتىش تەس ئەمەسكى — يەر نامىلىرى ئىنتايىن پۇختا ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي خىزمەت.

يەر نامىلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋە تۇراقلاشقان.

1. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك بويىچە قويۇلغان ناملار. بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئىقلىمى قۇرغاق چۆللۈك ئىقلىمغا مەنسۇپ بولغاچقا، تا ئەلمىساقتىن تارتىپ كىشىلەر سۇ قوغلىشىپ، ئولتۇراقلاشقان ۋە پارچە ـ پارچە بوستانلىق يۇرتلارنى بەرپا قىلغان. شۇڭا يەر نامىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: دەريا، كۆل، بۇلاق، سازلىق، ساي، جىرا، جىلغا، ئارال قاتارلىقلار.

2) يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىمۇ يەر نامىلىرىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: تاغ، ئېدىر، يوتا، دۆڭ، تۆپە، يەر، يار، چوققا، تاش، توقاي، تۇمشۇق، داۋان، ئاچال قاتارلىقلار.

2. ئىجتىمائىي، مەمۇرىي ئالاھىدىلىك بويىچە قويۇلغان ناملار. مەسىلەن: يېزا، كەنت، مەھەللە، كوچا، يۈزى، ئون، قىشلاق، بازار.

3. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئەمگەك ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىنشائاتلىرى نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى، مەسىلەن: قۇدۇق، كۆۋرۈك، ئۆستەڭ، ئېرىق، مەسچىت، باغ، قوتان، قورۇ، تام، ساراي، دەرۋازا، مازار، دەڭ، تۈگمەن قاتارلىقلار.

4. شۇ جايدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، شۇ جايدا سادىر بولغان مەشھۇر ۋەقەلەر، تەبىئەت ھادىسىلىرى قاتارلىقلار نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى.

5. باشقىلار. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ.

1) ھۈنەر كەسىپ نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى
2) سان ـ ساناقلار بويىچە قويۇلغان يەر نامىلىرى
3) ھەر خىل رەڭلەر نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى
4) باشقا يۇرتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جايلار
5) مىللەت ئايرىمىسى بويىچە قويۇلغان ناملار
6) باشقا مىللەتلەر تىلى بويىچە قويۇلغان يەر نامىلىرى
7) دەل ـ دەرەخ نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى
8) ھەر خىل ھايۋانات نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى
9) رودا، مەدەن، كان مەھسۇلاتلىرى نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى
10) خاس ئىسىملار

تۆۋەندە ئىلى رايونىدىكى يەر نامىلىرىنى يۇقىرىقى تۈرلەر بويىچە ئۇششاقلاپ تىزىپ باقايلى:

1. «بۇلاق» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:

سار بۇلاق، قىزىل بۇلاق، پاتقاق بۇلاق، تامچى بۇلاق، تاشبۇلاق قاتارلىق 65 يەر نامى.

2. «ساي» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:

ئازات ساي، پاتقاق ساي، بورقان ساي، بۇركۇت ساي، پولاتباي ساي، قاتارلىق 57 يەر نامى.

3. «سۇ» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:

قاراسۇ، بايقاراسۇ، يارسۇ، جىيەكسۇ،

قاراغايلىق سۇ قاتارلىق 17 يەر نامى.

4. «كۆل» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

قوشكۆل، بايكۆل، ئۈچكۆل، سېسىق كۆل

5. ئېرىق - ئۆستەڭ، تۈگمەن نامىغا قويۇلغان يەر ناملىرى:

ئاق ئۆستەڭ، ئارائۆستەڭ، قوشئېرىق، تۈگمەنبېشى، باش تۈگمەن، ساي بويى، يار بويى، نو بېشى

6. تەبىئىي ئالاھىدىلىك ياكى يەر شەكلى بويىچە قويۇلغان ناملار:

توقاي، بايتوقاي، تۇمشۇق بايتوقاي

7. «تاش» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

بوغاتاش، بالا تاش، قويتاش، ئاقتاش

8. «دۆڭ» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

بوزدۆڭ، تاشدۆڭ، قوڭۇردۆڭ، چىغلىق دۆڭ

9. «تۆپە» نامىغا قويۇلغان يەر — جاي ناملىرى:

بۆلگەن تۆپە، مايتۆپە، قارا تۆپە، كەتمەنتۆپە

10. «چوقا» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

خانتەڭرى چوققا، ئەۋلىيا چوققا، تېكىلخان چوققا، قابانباي چوققا

11. «داۋان» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

بوغاداۋان، تەلكە داۋان، ئۆچكىلىك داۋان، توپاداۋان، تاش داۋان

12. «كۆۋرۈك» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

باشكۆۋرۈك، تاشكۆۋرۈك، چوڭ كۆۋرۈك، كۆك كۆۋرۈك، قىزىل كۆۋرۈك، تۆت كۆۋرۈك، توغرا كۆۋرۈك، قوشكۆۋرۈك، ساي كۆۋرۈك، ئېشەك كۆۋرۈك، پايتىما كۆۋرۈك

13. «دەرۋازا» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

دولان دەرۋازا، دەڭ دەرۋازا، كۆرە دەرۋازا، ئۈچ دەرۋازا، سۇ دەرۋازا

14. «قۇدۇق» نامىغا قويۇلغان ئىسىملار

قۇدۇق مەھەللە، قۇدۇق كەنتى

15. «دەڭ» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

تۆپىدەڭ، كۆرەدەڭ، شىۋەدەڭ، دەڭ دەرۋازا، چوكاندەڭ

16. «تام» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

ئويتام، قاراتام، كالىچتام، قىلىنتام، كىچىكتام، قىشلاقتام، ئاراتام، يېڭىتام، شاغلىقتام، كوناتام، قوتانتام، ھېزبەكتام، (ئېزىزبەگ تام)، چوڭتام، تۆۋەنتام، ئەيساتام، يامانتام، يۇقىرىقى تام، ئاقتام

17. «باغ» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

ھەرەمباغ، روشەنباغ، دۆلەتباغ، پاشالىق باغ، سايباغ، قارا باغ، چۆلباغ، چىنە باغ، كونسۇلباغ، هورۇنباغ، غەيىنىدىن باي بېغى، ۋاڭ قادىر بېغى

18. «مازار» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

دۆڭمازار، چاپچال مازار، سۇلتان ئۇۋەيس مازار، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، خونقاي مازار، چىغلىق مازار، كىچىك مازار، خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى، چوكان مازار، تېرەك مازار، ئاقتاش مازار.

19. «بازار» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

بېدە بازار، مال بازار، تاشلەپكى بازار

20. «ساراي» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

هاپىز باي سارىيى، مامۇتهاجىم سارىيى، باش ساراي، خوتەن ساراي

21. «مەسچىت» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى:

نوغاي مەسچىت، ئۆزبېك مەسچىت، تۇڭگان مەسچىت

ئىجتىمائىي مەمۇري ئالاھىدىلىك بويىچە

uyghurkitap.com

قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

بۇنى تۆۋەندىكىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) «يۈزى» نامىدا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

ئەينى ۋاقىتتا ئىلى رايونى يېزىلىرى يۈزلىكلەر بويىچە باشقۇرۇلاتتى. يەنى ھەر بىر يۈز ئائىلىنىڭ باشلىقى «يۈز بېشى» ئاتىلىپ، شۇ مەھەللىلەر ھازىر شۇ ۋاقىتتىكى يۈز بېشىنىڭ ئىسمى بويىچە ئاتىلىپ كەلگەن ۋە ھازىرغىچە شۇنداق ئاتالماقتا.

مەسىلەن:

كېپەكيۈزى، تۇرپانيۈزى، روزىمەتيۈزى...

2) «ئون» نامىدا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

مەسىلەن: ئۈچئون، ئالتىئون، ئارائون...

3) «مەھەللە» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

ئوردامەھەللە، دۆڭمەھەللە، تۆرەم مەھەللە...

4) «كوچا» نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

تۆت كوچا، بۇتخانا كوچا، تونۇرچى كوچا...

5) شەخسلەر نامىغا قويۇلغان كوچا، كەنت، مەھەللە نامىلىرى:

ھەمرا مەھەللىسى، باقىباي مەھەللىسى، مەمەتيار كەنتى، روزى تەمبۇر كوچىسى...

6) ھۆنەر - كەسىپ نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

خاڭ مەھەللە، كىمىچى مەھەللە، خۇمدان مەھەللە، كۆنچى مەھەللە، كۆكچىلىك مەھەللە، ناغرىچى مەھەللە، شەيخ مەھەللە، ناماتمان مەھەللە...

7) يېمەك - ئىچمەك نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى:

جىگدىلىك مەھەللە، ئالما بازار، قوغۇنچى يېزا، پىياز كەنت، گىر بازار (ئۇن ساتىدىغان)، قايماق بازار، ياڭاق ساي، قاتار ئۈزۈم

8) باشقا يۇرتلاردىكى يەر نامىلىرىنى كۆچۈرۈپ قويغان يەر نامىلىرى:

قەشقەر كوچىسى، خوتەن مەھەللە، تۇرپانيۈزى، دولانيۈزى، قۇمۇللۇق مەھەللە، ئاغۇ مەھەللە، بەشكېرەم مەھەللە، تاختىيون مەھەللە، چېلەك خاڭزا، چىنىباغ، لەڭگەر، ئازاغ كوچا، قاغىلىق مەھەللە، سايرام كوچا، ئالتاي مەسچىت، ئاقسۇ مەسچىت، كاتتايلاق مەھەللىسى، مەشھەت مەھەللىسى

9) مىللەتلەر نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

ئۇيغۇر ئۈچئون، خەنزۇبازار، شىۋە كوچا، ئۆزبېك مەسچىت، نوغاي مەسچىت، موڭغۇلكۈرە، تۇڭگان مەھەللە، روس كۇلۇب، قىرغىز مەھەللە، تۇڭگان ئۈچئون، قازاق مەكتەپ، قازاق بۆلۈنكەي، تۈرك مەھەللە

10) باشقا مىللەتلەر تىلى بىلەن قويۇلغان يەر جاي نامىلىرى:

لەڭگەر، دودىشاڭ، بايانداي، چىلىپەڭزە، داشىگور، چىڭسىخوزا، چىلەك خاڭزا، لوسىگوڭ، ئەرتەي، سەنتەي، ئوگۇڭ، سەندەن، سەنگۇڭ، ساندىخوزا، خونۇقاي، دولات، گاڭگول، پىلىچى، قاپچىغاي، قاينۇق، خۇاگوشەن، كۈرە، جىرغىلاڭ، سۇلاگۇڭ، خەنبىڭ، نارات، زېكتى، نوغايتو، دادامتو، پەنجىم، سۇپتاي، موخور، زايىمكا، مويكا، ماگالكا، نوۋگورود، بۆلۈنكەي، جاغىستاي، خېيسەنتو، سۇمبۇرشاڭ، تارجى

11) دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

باشتېرەك، قارىغاي، قارا ياغاچ، كۆكئاغاچ، كۆكتېرەك، قولتۇق چىغ، چىنار...

12) ھەر خىل ھايۋانلار نامىغا قويۇلغان يەر جاي نامىلىرى:

بۇغا تاش، مىڭ مارال، بۇغا داۋان، ئۆچكىلىك داۋان، قويتاش، قارا ئايغىرساي، ئېشەك كۆۋرۈك، ئات بازار

13) ھەرخىل كان مەھسۇلاتى، مەدەنلەر نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى:

كان يېزىسى، تاشتۆمۈر، تاشكۆمۈر، ئالتۇنلۇق، مىس، ئورتا مىس، تۆمۈرلۈك، مىس كان، كۈمۈشساي

بۇ قېتىمقى ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەر ناملىرىنى توپلاش، رەتلەش جەريانىدا مۇنداق قىزىقارلىق بىرنەچچە ھادىسىنى بايقىدۇق.

① رەڭ تۈرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى، مۇبادا مۇشۇنداق يەر ناملىرىنى بىر يەرگە يىغساق بارلىق رەڭلەرنى (ئاساسلىق بولغان) ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

① ئاق — ئاق تېرەك، ئاقتۆپە، ئاقئۆستەڭ...

② قارا — قارا باغ، قارا دۆڭ، قارا تۇمشۇق...

③ قىزىل — قىزىل قۇم، قىزىل كۆۋرۈك، قىزىل قورا...

④ كۆك — كۆكياغاچ، كۆك چوقا، كۆكسالا...

⑤ سار (سېرىق) — سار بۇلاق، سار توقاي، سار تېرەك، سار سۇمبە، سېرىق تۆپە

⑥ چىپار — چىپار ياغاچ، چىپار تۆبەك، چىپارتال...

2) ساناق سانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرى، ئەگەر بۇلارنى رەتلەپ تىزساق شۇنداق چىرايلىق ۋە مۇكەممەل سانلار قاتارى مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى — يالغۇز قارىغاي، يالغۇز ياغاچ، يالغۇز تېرەك

ئىككىنچى — ئىككى ئون، ئىككى ئاچا...

ئۈچىنچى — ئۈچدۆكان، ئۈچ كەپتەر، ئۈچئون، ئۈچ دەرۋازا...

تۆتىنچى — تۆتدۆكان، تۆتكوچا، تۆتكۆل، تۆتسۇمبۇل، تۆتئون

بەشىنچى — بەشئون، بەشسالا، بەشدۆڭ...

ئالتىنچى — ئالتە ئون، ئالتە شوئار، ئالتە ئۆي، ئالتە سۇمۇل

يەتتىنچى — يەتتە ئون، يەتتە سۇمۇل

سەككىزىنچى — سەككىز سۇمۇل

توققۇزىنچى — توققۇزتارا، توققۇز قۇملاق، توققۇز تونلۇق، توققۇز تۇلۇق

ئونىنچى — ئونياز، ئون ئۆي، ئارا ئون

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، قىرىقباي تېغى، ئاتمىشباي بۇلىغى، سەكسەنئۆي، مىڭ چوڭقۇر، مىڭ بۇلاق، مىڭ مارال دېگەن جايلار بار.

3) بەزى يەر ناملىرىنى ئانتونىم سۆپەتلەر بويىچە قاتارلاپ تىزىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

① چوڭ بۇغرا - كىچىك بۇغرا، چوڭ موخۇر - كىچىك موخۇر، چوڭتام - كىچىكتام، چوڭ مازار - كىچىك مازار

② ئاقسۇ - قاراسۇ، ئاقتام - قاراتام، ئاقدالا - قارادالا، ئاقدۆڭ - قارادۆڭ، ئاقتاش - قاراتاش

③ يېڭى تام - كونا تام، يېڭى بازار - كونا بازار

④ يۇقىرىقى پەنجىم - تۆۋەنكى پەنجىم، يۇقىرىقى جاغىستاي - تۆۋەنكى جاغىستاي...

⑤ باش مەھەللە - ئاياغ مەھەللە، باش كۆۋرۈك - ئاياغ كۆۋرۈك

⑥ دۆڭ مەھەللە - ئويمان مەھەللە، دۆڭ كوچا - ئازگال كوچا

⑦ باي مەھەللە - قەلەندەر مەھەللە

⑧ پاتقاق بۇلاق - سۇزۇك بۇلاق

⑨ قوش ياغاچ - يالغۇز ياغاچ

⑩ كەڭ ساي - جىڭىشكە ساي (ئىنچىكە ساي)، كەڭ سۇ - قىساڭ سۇ (قىسىلىپ ئاقىدىغان سۇ)

4) ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە يەنە تەبىئىي ھادىسىلەر ياكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن قويۇلۇپ قالغان تۆۋەندىكىدەك يەر ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بوينى كېسىك — مانجۇ خانلىقى دەۋرىدە قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى، ئاتاغلىق خەلق قوشاقچىسى مايىمخان قەتلى قىلىنغان جاي (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ).

www.uyghurkitap.com

يېرىلغان يار — 40 ـ يىللاردا يەر تەۋرەشتە يېرىلىپ هاسىل بولغان يارلىق (بۇنى بەزىلەر بۇزۇپ يېرىلغان يەر دەۋالغان، هازىرقى ئىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ نېفىت ئىسكىلاتىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار).

ئوت كەتكەن مەسچىت — 50 ـ يىللاردا ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەن مەسچىت (هازىرقى شىنخۇا دوختۇرخانىسىدىن قازانچىغا ماڭغان يول ئۇستىدىكى ئۆستەڭ بويىدا).

ساي قۇيۇلۇش — غۇلجا شەھىرىدىكى ساي سۈيىنىڭ دەرياغا قۇيۇلۇش ئېغىزى (هازىرقى ياماچاڭنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ).

5) ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە يەنە مەلۇم بىر خىل تارىخىي ـ ئىجتىمائىي شارائىت باسقۇچىدا شۇ مەزگىلدىكى هۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەلۇم بىر ئىشنى ياكى مەلۇم مەشھۇر شەخسنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قويۇلۇپ ئېلان قىلىنغان يەر ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىستېمالدىن قېپقالغان بولسىمۇ، بەزىلىرى كونىلارنىڭ ئاغزىدا يەنىلا داۋاملاشماقتا. مەسىلەن:

شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر مەھەل يولغا قويغان ئاتالمىش «6 بۈيۈك سىياسەت» نامىغا ماسلاشتۇرۇپ 1936 ـ، 1937 ـ يىللىرى پىلانلاپ ئېلىنغان «ئالتە شۇئار مەھەللىسى»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى هۆكۈمىتى مەزگىلىدە ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە يەرلىك هۆكۈمەت تەرىپىدىن نام بېرىلگەن «ستالىن كوچىسى» (هازىرقى ستالىن كوچىسى)، «ستالىن مەكتەپ» (هازىرقى 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)، «ئەخمەتجان كوچىسى» (هازىرقى ئەخمەتجان كوچىسى)، ل. مۇتەللىپ نامىدىكى باغچا (هازىرقى خەلق باغچىسى)، «ئىسھاقبېك كۇلۇبى» (هازىرقى هەربىيلەر كۇلۇبى)، ئابدۇكېرىم ئابباسوف نامىدىكى گېزىتخانا (هازىرقى ئىلى گېزىتخانىسى)، «لېسكىن كوچىسى» (هازىرقى ئازادىيول 4 ـ كوچا)، «سادىر پالۋان كوچىسى» (هازىرقى تۆپىدەڭ كوچىسى)، «ناۋايى كوچىسى» (هازىرقى ئىلى مېھمانخانىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ)، «بەدىر كامال كوچىسى» (بۇرۇنقى شەھەرلىك هۆكۈمەت بىلەن ئىلى مېھمانخانىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تار كوچا)، «روزى تەمبۇر كوچىسى» (هازىرقى ياشلار كوچىسى بازىرىنىڭ كەينىدە)، «ئابدۇللا توقاي كوچىسى» (هازىرقى هەرەمباغ 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ كوچىسى).

ئۇندىن باشقا كوچىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ تىلى بىلەن بەزى جايلارنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىگە سىمۋول قىلىنىپ ياكى مۇبالىغىلاشتۇرۇپ قويۇلۇپ تارقالغان يەر ناملىرىمۇ مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن: 60 ـ يىللاردا ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش 4 ـ دىۋىزىيىسى شەھەر مەركىزىگە بىر ماگىزىن سالغانىدى. بۇ ماگىزىننىڭ ئىشىكى پېقىرايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇندىن باشلاپ «پىقىراتما ماگىزىن» دەپ ئاتالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بازارلار خەلق تىلىدا «شياڭگاڭ بازىرى»، «شاڭخەي بازىرى» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭدا ئاساسەن تاۋار تۈرلىرىنىڭ كۆپ، مۇكەممەل، رەڭگارەڭ، خىلمۇ خىل بولغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇرۇن ئىلىدا ئۇزاق يىللار هۆكۈم سۈرگەن فېئودال، خۇراپاتلىق ۋە بېكىنمىچىلىك تەسىرىدە يەرلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاساسىي جەھەتتىن كوچا تىجارىتىگە قاتناشمايتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئائىلە ئاياللىرى ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بازارغا كىرىپ، خەنزۇ بازىرىدىن تاشلەپكىگىچە كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يايمىچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈۋىدى، ئاۋام خەلق بۇنىڭغا «چوكانلار بازىرى» دەپ نام بەردى. 80 ـ يىللاردا بۇرۇنقى ياشلار مەيدانى ئورنىغا بىر باغچا بىنا قىلىنىۋىدى، نۇرغۇنلىغان بىكار تەلەپلەر ئەتىگەندىن كەچكىچىلا شۇ يەردە بولغاچقا «هورۇنباغ» دەپ ئاتالدى. 70 ـ، 80 ـ يىللار ئەتراپىدا مەلۇم بىر كوچا دائىم قولۇم ـ قوشنىلار ئارا ئۇرۇش ـ جىدەل قۇرىمايدىغانلىقى بىلەن داڭ

(ئاخىرى 10 ـ بەتتە)

# مەڭگۈلۈك تۆھپىكار - گۇناھكار ۋاڭ يۈەنلۇ

گاۋ دېشياڭ

ۋاڭ يۈەنلۇڭنىڭ يۇرتى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ ناھىيىسى، شەنشىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى بۇ ھەقتە تالاش - تارتىشمۇ بولغان، بىراۋلار خۇبېيلىق دېسە، بىراۋلار شەنشىلىك دېگەن، چۈنكى ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ قەبرە تېشىغا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ ناھىيىسىدىن دەپ يېزىلغان، ئەمما ستېيىن بايان قىلغىنىدا ئۇنى شەنشىلىك دېگەن. مۇشۇ ئىش توغرىلىق پېقىر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، ھازىر دۇنخۇاڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان 80 نەچچە ياشلىق بىرنەچچەيلەننى زىيارەت قىلدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاڭ يۈەنلۇنى شەنشىلىك دېدى ۋە ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ شەنشىلىكنىڭ تەلەپپۇزى ئىدى، دېدى. شۇ سەۋەبتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ يۇرتىنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ ناھىيىسى، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى شەنشى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. ۋاڭ يۈەنلۇ تەخمىنەن 1850 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1931 - يىلى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ۋاڭ يۈەنلۇ ئۇدا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىك، نامراتچىلىق دەستىدىن پانالىق ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپقۇلاپ يۈرگەن، ئالدى بىلەن جيۇچۈەنگە كەلگەن، لېكىن تۇرمۇشتا يەنىلا نىجاتلىق يولى تاپالماي، ئامالسىزلىقتىن تويىن بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۇنخۇاڭغا كېلىپ قېلىپ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىنغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇ يەردىن تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە ئايرىلمىغان. ۋاڭ يۈەنلۇ تويىن بولغىنىدا باش ئۇرۇپ ئۇستاز تۇتقان ئەمەس، تويىن بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەنمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا بىر قۇر تويىن كىيىمى ۋە سادىق قەلبىلا بولغان.

ۋاڭ يۈەنلۇ تويىن كىيىمنى كىيگەن بولسىمۇ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ ھەممىدىن بەك ئەقىدە باغلىغان زات تاڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن شۈەنزاڭ بولغان ۋە بۇددا نوملىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. بۇ ناھايىتى قىزىق بىر ئۆزگىرىش، تويىن بولۇپ تۇرۇقلۇق بۇدداغا ئېتىقاد قىلىپ بۇددا نوم، كالاملىرىنى ئوقۇغان، يەنە كېلىپ بۇددا مۇرىتلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن، تويىن كالاملىرىنىمۇ، بۇددا نوملىرىنىمۇ ئوقۇپ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى «ئىككى بىسلىق موللا» بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇستۇن ئىبادەتخانىدا تۇرىدىغان پالچى لامالاردىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن.

**نوم - بىتىك غارىنى تاپقانلىق گۇناھ ئەمەس، تۆھپە**

نوم، بىتىك غارى تېپىلغاندىن كېيىن بۇ يەردە ساقلاپ قېلىنغان نۇرغۇن يادىكارلىق چەت ئەللەرگە تارقىلىپ، خەلق ئارىسىدا يوقىلىپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، شۇڭا بىراۋلار ۋاڭ تويىننىڭ نوم - بىتىك غارىنى تاپقانلىقىنى بىرخىل تارىخىي ئۇقۇشماسلىق، نوم - بىتىك غارىنىڭ تېپىلغانلىقى بىرخىل خاتالىق، ھەتتا بىرخىل گۇناھ دەپ قارىدى. قىسقىسى ئەڭ ياخشىسى ئەشۇ دەۋردە ۋە ئەشۇ ۋاڭ تويىندەك كىچىككىنە بىر كىشى تەرىپىدىن تېپىلغان بولماسلىقى، بەلكى مەلۇم بىر دەۋردە مەلۇم بىر چوڭ ئەرباب تەرىپىدىن تېپىلغان بولۇشى كېرەك ئىكەن، شۇنداق بولغاندىلا ئەقىلغە ئۇيغۇن بولارمىش. بۇنداق ئوي - خىيال ناھايىتى ياخشىدەك، ناھايىتى



uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇكەممەلدەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار تەرىپىدىن تېپىلغان تېپىلمىلارنىڭ تولىسى كىشىلەرنىڭ سوبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئىشقا ئاشقان ئەمەس. ۋاڭ تويىنىنىڭ نوم - بىتىك غارىنى تاپقانلىقىنىڭ مۇقەررەرلىكىمۇ بار، تاسادىپىلىقىمۇ بار، مۇقەررەرلىكىگە كەلسەك، ئۇ غارغا كىردى، ئادەم ياللاپ كۆپ يىللار مابەينىدە غارغا تىنىپ كەتكەن توپا - قۇملارنى ئېرىغدىدى، نۇرغۇن كونكرېت خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدى، پەقەت تىنىپ كەتكەن توپا - قۇملارنى ئېرىغدىغاندىلا نوم - بىتىك غارىنىڭ ئىشىكى كۆرۈنەتتى. تاسادىپىلىقىغا كەلسەك، ۋاڭ تويىن غارغا تىنىپ كەتكەن توپا - قۇملارنى ئېرىغداشقا كىرىشكىنىدە بىرەر نىمىنى تېپىشنى ئەمەس، بەلكى غارنى قوغداشنى مەقسەت قىلغانىدى، نوم - بىتىك غارىنى تاپقانلىقى پۈتۈنلەي تاسادىپىي بولغان.

ۋاڭ تويىنىنىڭ ئىگىر - قۇم غارغا كىرگەن ۋاقتى ئالاھەزەل 1892 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە، ئۇ چاغدا ئۇ ئەللىككە يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ئۇ مۇقەددەس غارغا قارايدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئېغىر تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق دەستىدىن ئۇنىڭ ۋەيرانە ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قوزغالغان-دە، ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن «قوغداش مۇئەككىلى» لىكتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ تەرەپ-تەرەپكە چاپقۇلاپ زېرىكمەي ئىئانە توپلاپ، تىجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، پۇل توپلاپ، غارغا تىنىپ كەتكەن توپا - قۇملارنى ئېرىغدىغان، پەقەت 16 غاردىكى توپا - قۇملارنى ئېرىغداشقىلا ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 26 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (مىلادىيە 1900 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) ۋاڭ يۈەنلۇ نوم - بىتىك غارىدىن ئىبارەت بۇ سىرنى ئاچقان. ۋاڭ تويىنىنىڭ قەبرە تېشىغا مۇنداق خەتلەر ئويۇلغان: «قۇم تام يېرىلىپ بىر تۆشۈك كۆرۈندى، گويا نۇر چاقنىغاندەك بولدى، تام ئۆرۈلدى، بىر كىچىك تۆشۈك كۆرۈنۈپ، بىردىنلا يورۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىچىگە تاڭ سۇلالىسى دەستۇر - بىتىكلىرىدىن ناھايىتى كۆپ دەستۇر، بىتىك، نۇرغۇن ئاسار - ئەتىقە قويۇلغان بولۇپ، كۆرگەنلەر ھەيرانۇ ھەس بولۇشتى، ئاڭلىغانلار مۇقەددەس بۇيۇملار ئىكەن، دېگەن سۆزنى تارقاتتى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، نوم - بىتىك غارىنى كىملا تاپسۇن، ئۇ بىر خىل تۆھپە، قالتىس زور تېپىلما، چۈنكى نوم - بىتىك غارىنىڭ تېپىلىشى «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ نوم - بىتىك غارىنى تاپقانلىقىنى سەۋەنلىك ئەمەس، تۆھپە دەپ ئېيتىشقىلا بولىدۇ. بىراۋلارنىڭ مەلۇم بىر دەۋردە تېپىلغان بولسا مۇۋاپىق بولاتتى، دېگەنلىرىگە كەلسەك، ئۇ نوقۇل بىرخىل سوبيېكتىپ ئارزۇ. ئويلاپ باقايلى، مۇبادا نوم - بىتىك غارى «10 يىللىق بۇلاڭ تالاڭ» دەۋرىدە تېپىلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان بولاتتى؟

بۇ يەردە بىر ھەقىقىي ئەھۋال بار، يەنە كېلىپ دۇنخۇاڭدا يۈز بەرگەن. دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ گوجياپۇ يېزىسى تۇپامۇنار كەنتىدە ئەسلىدە ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان بىر قەدىمىي مۇنار بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «تۆت كونىنى يوقىتىش، تۆت يېڭىنى تىكلەش» ھەرىكىتىدە، مۇنارنىڭ تېگىگە مىلتىق دورىسى كۆمۈپ، بىر ئوبدان تۇرغان مۇنارنى پارتلىتىۋەتتى، شۇ چاغدا بىرنەچچە باغلام مۇكەممەل دەستۇر - بىتىكمۇ تېپىلغانىدى. ئەپسۇس، ئۇلار مۇنارنى بۇزۇۋېتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى دەستۇر - بىتىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بىر ئۆيىگە قويۇپ، ھەممىسىنى بىكار قەغەز ھېسابىدا كۆيدۈرۈۋەتتى. يەنە بار تېخى، دۇنخۇاڭ تەۋەسىدە ئالەمدىكى ئاجايىپ مۆجىزە دەپ قارىلىدىغان گۈكۈرەتمە قۇمتاغدىكى ئايبۇلاقتا نەچچە ئون قەدىمىي بىنا بولۇپ، ئۆي - سارايلاردا نەپىس رەڭلىك ھەيكەل - بۇت، تام سۈرەتلىرى ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك بېغىشلىمىلار بار ئىدى، بۇلاردىن ئالقانچىلىكمۇ قالدۇرۇلماي بىت - چىت قىلىپ تاشلاندى. ھازىر قارايدىغان بولساق ئۇ بىر خىل

نادانلىق ئىكەن، لېكىن ئۇ زاماندا ئۇ «ئىنقىلابىي» ھەرىكەت دەپ قارالغانىدى، شۇنچىۋالا بۇلاڭ - تالاڭنى كىممۇ مۆلچەرلىيەلەيتتى؟

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، نوم - بېتىك غارىنىڭ تېپىلىشى ئارقىسىدىلا كىشىلەرنىڭ دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىگە دىققىتى قوزغالدى، شۇڭا 40 - يىللاردا مەخسۇس قوغداش ئورگىنى تەسىس قىلىندى. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، كېلىپ چىقىدىغان زىياننى تېخىمۇ مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى.

**ھەر تەرەپتىن ياردەم سوراش، تەرەپ - تەرەپتىن دەككە يېيىش**

نوم - بېتىك غارى تېپىلغاندىن كېيىن ۋاڭ تويىن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئالدى بىلەن، نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمبېگى يەن زىنى تاپتى، نوم - بېتىك غارىدىن ئېلىپ چىققان ئىككى جىلد نومنى تەقدىم قىلدى. ۋاڭ تويىننىڭ مەقسىتى، ناھايىتى روشەنكى، ئەشۇ ئەمەلدار - غوجامنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئىدى، ئەپسۇسكى، يەن فامىلىلىك بۇ ھاكىمبەگ قورسۇقىدا ئۇمىچى يوق بىر ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئىككى جىلد نومنى سارغىيىپ كەتكەن ئىككى بولاق كېرەكسىز قەغەز دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ تويىن دەككىسىنى يەپ قايتقان.

1902 - يىلى يەنى نوم - بېتىك غارى تېپىلغاننىڭ ئۈچىنچى يىلى دۇنخۇاڭغا يەنە ۋاڭ زۇڭخەن دېگەن بىر يېڭى ھاكىمبەگ كەلدى، بۇ ھاكىمبەگ تەشرىپدار بولۇپ، مېتال - تاش ئىلمىنىمۇ ئوبدان بىلىدىكەن. شۇڭا ۋاڭ تويىن يەنە ئۇمىدىنى مۇشۇ بىلىملىك ھاكىمبەگكە باغلاپ، نوم - بېتىك غارىنى قوغداش مەسىلىسىنى ئۇنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى تىلىدى. ۋاڭ تويىن يەنە «ئوردا» غا كېلىپ، ۋاڭ ھاكىمبەگكە نوم - بېتىك غارىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى، ھاكىمبەگ دەرھال ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى باشلاپ دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنى كۆرۈشكە كەلدى ۋە نوم - دەستۇرلاردىن بىرنەچچىنى ئېلىپ قايتتى، لېكىن ئادەمنى خۇرسىندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ ھاكىمبەگ ۋاڭ تويىن بۇ نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردە ساقلىغاي، نوم - بېتىك غارىغا ئوبدان قارىغاي، دېگەن سۆزىنىلا قالدۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق گەپ بولمىدى.

ئىككى قارارلىق ھاكىمبەگدىن نەتىجە چىقمىدى، لېكىن ۋاڭ تويىن بۇنىڭلىق بىلەن تەن بېرىپ ئولتۇرغىنى يوق، ئۇ يەنە نوم - بېتىك غارىدىن ئىككى ساندۇقتا نوم - دەستۇر قاچىلاپ، ئېشىكنى ھەيدەپ سۇجۇ (جيۇچۇەن) غا قاراپ ماڭدى، ئۇ دالىدا غىزالىنىپ، ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ، يالغۇز ئۆزى بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىش ۋە قاراقچىلارنىڭ ئوقىغا ئۇچراپ قېلىشتەك خەۋپ - خەتەرگە قارىماي 400 كىلومېتىردىن ئوشۇقراق يولنى بېسىپ ئاران كۆزلىگەن يېرىگە كەلدى-دە، شۇ چاغدا گەنسۇ توسقاۋۇلىنىڭ دوتيىي بولۇپ تۇرغان تىڭ دۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. تىڭ دۇڭ غوجام دېگەن بۇ زات بىلىملىك دېيىشكە ئەرزىيدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇمۇ زېھىن قويۇپ قاراپ چىقىپتۇ، لېكىن بۇ زات يا بۇ ئاسار - ئەتىقىلەرنىڭ زادى قانچىلىك قىممىتى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ باقماپتۇ، يا نوم - بېتىك غارىنى قانداق قوغداشنى ئويلىشىپ باقماپتۇ، ئۇلارنى پەقەت خەتتاتلىق نۇقتىسىدىنلا بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرىدا: نوم - بېتىكلەردىكى خەتلەر مەن يازغان خەتلەرچىلىك ئەمەسكەن، دەپلا ئىشنى بولدى قىپتۇ.

ۋاڭ تويىننىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي ياردەم تەلەپ قىلىشىنى پۈتۈنلەي ئېشەكنىڭ كۆتىگە غىجەك چالغانلىق دېيىشكە بولاتتى.

نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇ چاغدا گەنسۇدا مائارىپ مۇپەتتىشى بولۇپ تۇرغان ئارخېئولوگ يې چاڭچى نوم - بېتىك غارى توغرىسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناھايىتى بەك قىزىققان ۋە ۋاڭ ھاكىمبەگ ئارقىلىق بىر قىسىم قەدىمىي ئاسار - ئەتىقىلەرگە ئىگە بولۇۋالغان، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ چاغدا يېزىۋاتقان «خاتىرە تاشلار» دېگەن كىتابىنى تولۇقلاش بولغان. يې چاڭچى «خاتىرە تاشلار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇڭ سۇلالىسى چيەن دېنىڭ 6 - يىلى سىزىلغان ئاي شولىسىدا غۇۋا

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كۆرۈنۈپ تۇرغان شەپقەتچى مەبۇدەنىڭ سۈرىتى بىلەن نوم - دەستۇر بىتىلگەن دەپتەر ۋە براخمان دەستۇرلىرىدىن ئىككى جىلتتىن ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. سۈرەت قوپاللىراق - يىرىكرەك ئەمما ھەقىقەتەن تاڭ سۇلالىسى زامانىدا سىزىلغان». بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يىپ چاڭچىنىڭ نوم - بىتىك غارىدىكى ئاسار ئەتىقىلەرنى ئايرىپ چىقىشى ئىنتايىن تۇغرا بولغان. ئەپسۇسكى، ئۇ نوم - بىتىك غارىنى قوغداش توغرىسىدا ئۇنۇملۇك تەدبىر كۆرۈشكە نىيەت باغلىمىغان، 1904 - يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دۇنخۇاڭ ناھىيىسىدە نوم - دەستۇرلەرنى ساناپ چىقىپ شۇ يەردە ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ قارار ئەينى زاماندىكى ۋاڭ ھاكىمبەگنىڭ گېپىگە ئوخشاشلا، مەسئۇلىيەتنى ئىتتىرىپ قويۇش بىلەنلا ئىشنى تۈگىدى قىلغان، خالاس. ۋاڭ يۈەنلۇ چارىسىز قالغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇرىكنى قاپتەك قىلىپ چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدىكى شىسى تەيخۇغا مەخپىي خەت يازغان. لېكىن بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى راسا بوران - چاپقۇن ئىچىدە لەيلەپ تۇرغان ۋاقىت بولغاچقا، بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىغا مەھكەم بېكىنىۋالغان ئەمەلدارلارنىڭ قانداقمۇ بۇنچىلىك «كىچىك ئىش» قا چولىسى تەگسۇن، ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ ئۈمىدى، خۇددى لاي پۈتلۈق كالا سۇغا كىرگەندىكىدەك، ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتكەن.

## نوم - بىتىكلەرنى سېتىشتىكى سەۋەب

1907 - يىلى ستېين دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە بىرىنچى قېتىم كەلگىنىدە، ۋاڭ تويىنىنىڭ نوم - بىتىك غارىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىغا 7 قىشۇياز بولغانىدى، بۇ 7 يىلدا ئەمەلدارلارنىڭ بىر قىسىم نوم - بىتىك، ئورالمىلارنى ئېلىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋاڭ توين نوم - بىتىك غارىنى چىڭ ساقلىدى، يوقىلىپ كەتكەن ئورالمىلار ناھايىتى ئاز بولدى. ستېيىن كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەتكەن نوم - بىتىك غارىنى كۆرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە - ئاماللارنى قىلىپ ۋاڭ توينغا يېقىنلىششقا ئۇرۇندى، لېكىن ۋاڭ توين ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ستېيىنى ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، كېيىن ئۇ ۋاڭ تويىنىنىڭ تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن شۈەن زاڭغا بەكمۇ چوقۇنىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزىنىمۇ شۈەن زاڭغا چوقۇنغۇچىلاردىن قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ۋاڭ يۈەنلۇنى ئالداپ، مەن شۈەن زاڭ غەربكە نوم - بىتىك ئالغىلى بارغان يولنى بويلاپ كەلدىم، دېدى. بۇ چارە تازا ئەسقاتتى، دىنىي ئېتىقاد ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىر - بىرى بىلەن باغلىدى، ئوخشىمايدىغىنى ۋاڭ يۈەنلۇ سەممىي ئېتىقادچى، ستېيىن بولسا، روشەنكى، نوم - بىتىكنى ئالداپ ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى.

بۇ ئىشنى ستېيىن مۇنداق بايان قىلىپ ئۆتكەنىدى: «تويىن شۈەن زاڭنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن، مىڭئۆي ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى يېڭى سېلىنغان كارىدورغا سىزىلغان سۈرەتلەردىن ئېنىق دەلىل تاپقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭغا سىزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى بىمەنە رىۋايەتلەر ئىدى. . . مەن ناھايىتى چەكلىك خەنزۇچە گېپىم بىلەن ۋاڭ تويىنغا مەن ئۆزەمنىڭ شۈەن زاڭغا چوقۇنىدىغانلىقىمنى ۋە قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىزى بىلەن ھىندىستاندىن تاغ - داۋان ئېشىپ ۋە چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى دەپ بېرىۋېدىم، ئۇ راستلا مېنىڭدىن تەسىرلىنىپ كەتتى» ، شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئىنتايىن ئەتىۋارلىق گۆھەرلەرنى ساقلاش ئۆيىگە بارىدىغان بىر ئىشىك ئېچىلدى. . . جىلدلەر 10 چى ئېگىزلىكتە قەۋەت - قەۋەت قىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى» ، «تويىن مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەندىن كېيىن ناھايىتى قىزغىن تۈردە جىلدلەرنى قۇچاق - قۇچاق قىلىپ ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى» .

ستېيىن شۇ قېتىم 200 سەر كۈمۈشكە 24 ساندۇق كىتاب ۋە سۈرەت ھەمدە 5 چوڭ ساندۇق باشقا ئاسار ئەتىقىنى تېگىشىۋالدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇ گۆھەرلەرنى لوندون بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىغا ئەكىلىۋالدى. لېكىن جۇڭگونىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى، ھېچقانداق ئادەم سۈرۈشتە قىلىپ باقمىدى.

تەھلىل قىلىنىشچە، شۇ چاغدا ۋاڭ تويىنىنىڭ نوم - بىتىكلەرنى ستېيىنغا سېتىپ بېرىشىدە مۇنداق

3 خىل سەۋەب بار ئىكەن: بىرى، يەتتە يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇدا كۆپ قېتىم ئەمەلدارلاردىن ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان، يەنە كېلىپ دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان، لېكىن ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، ئۈمىدىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ غارلارنى ئېرىغداش، ئۈچ قەۋەت بىنا سېلىش، ياغاچ كۆۋرۈك سېلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئۈچىنچى، شۇەنزاڭ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى يېقىنلاشتۇرغان، ئېكسپېدىتسىيىچى ستېيىننىڭ كەسپكە بولغان ئىخلاسمەنلىكى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن، شۇڭا ئۇ ئىدىيە جەھەتتە قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قالغان، بۇ ئاسار ئەتىقىلەرنى چەت ئەللىكنىڭ ئېلىپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايدىغان ئەھۋالدا بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىزلىقتىن يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

قائىدە بويىچە، ستېيىن كەتكەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى، خۇسۇسەن ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھېچبىر پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ پوزىتسىيىسى ۋاڭ تويىنىنى نوم - بىتىك غارىدىكى ئاسار ئەتىقىلەرنى خالىغانچە ساتسام بولغىدەك دېگەن يەرگە ئەكەلدى. 1908 - يىلى فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پېللىئوت يەنە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە كېلىپ، ۋاڭ تويىنىنىڭ قولىدىن 6000 دىن كۆپرەك يازما دەپتەرنى سېتىۋالدى، پېللىئوت خەنزۇچىنى پىششىق بىلگەچكە، ئۇ تاللىۋالغان جىلدلەر تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى، پېللىئوت بۇ يادىكارلىقلارنى فرانسىيىگە ئېلىپ ماڭغاندا، بېيجىڭدا ئۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى سىراجلىتىۋالدى ھەمدە ئۇ يادىكارلىقلارنى «ئالتە دۆلەت مېھمانخانىسى» دا ئاشكارا كۆرگەزمە قىلدى. 1914 - يىلى ستېيىن دۇنخۇاڭغا يەنە كەلدى ۋە ۋاڭ تويىنىنىڭ قولىدىن يەنە 5 چوڭ ساندۇق كېلىدىغان 600 جىلدتىن كۆپرەك نوم - بىتىكنى سېتىۋېلىپ ئەكەتتى. بۇ ئارىلىقتا، ياپونىيىلىك جىيې رۇيچاۋ بىلەن جىچۈەن شياۋيىلاڭ، روسىيىلىك ئولدېنبېرە، ئامېرىكىلىق ۋارنېر قاتارلىق كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىن ئوخشاش بولمىغان مىقداردا نوم - بىتىك سېتىۋېلىپ ئەكەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ ھېچقاچان ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراپ باقمىدى. شۇ چاغدا تۈركۈم - تۈركۈم چەت ئەللىك ئالىملار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە كەلدى، ئەمما جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ نەگە كېتىشكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى.

نوم - بىتىك غارىنىڭ تېپىلغانلىقى دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرسە، ستېيىن، پېللىئوتلار جىنگەرلىك ئادەملەر بولۇپ، ئالدى بىلەن تۇتۇش قىلىپ، دۇنخۇاڭشۇناسلىقنى باشلامچى بولۇپ دۇنياغا يۈزلەندۈردى. پۈتۈن دۇنيا بۇنىڭلىق بىلەن ھاياجانغا كەلگەن چاغدا، جۇڭگولۇقلار ھەيران قالمىدى. شۇڭا 1941 - يىلى 10 - ئايدا، شۇ چاغدا مىللىي ھۆكۈمەت تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولۇپ تۇرغان يۇ يۇرېن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنى كۆزدىن كەچۈرگەن چېغىدا يازغان بىر شېئىرىدا: «دۇنخۇاڭشۇناسلىق دەپ نامى ئالەمگە يېيىلدى، بىلىشتىڭمۇ سەن، ھەي جۇڭگو ئالىملىرى؟» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. يۇ يۇرېن ئەپەندىنىڭ خۇرسىنىشى شۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ستېيىن، پېللىئوتلار جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تەشۋىق قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىشىمۇ ستېيىن ۋە پېللىئوت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسىرىدىن بولغان.

دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىلىپ كېتىشى، تەبىئىي ھالدا جۇڭگولۇقلارنىڭ غورۇرىغا تەگدى، مىللەت مەنپەئىتى تۇيغۇسىدىن قارىغاندا، بۇ بىر زىيان، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، چەت ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرىنىڭ ھەممىسى بىرىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىلماي دۆلەت دەرىجىلىك مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا ھەمدە قاتتىق ياخشى قوغدالماقتا. جۇڭگودا بولسا باشقىچە ھادىسىلەر يۈز بەردى. 1907 - يىلى ستېيىن كېلىشتىن ئىلگىرى

ۋاڭ تويىن ھەرقانچە چۇقان كۆتۈرسىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى، ستېيىن دۇنخۇاڭ يادىكارلىقلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، سۇلالە ئەمەلدارلىرى ئاندىن ئۇنىڭ مۇھىم قىممىتىنى بىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇ يادىكارلىقلارنى قانداق قوغداشنى ئەمەس، ئەكسىچە ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلاشتى. شۇڭا بىر مەھەل ئوغرىلاش كەيپىياتقا ئايلىنىپ، دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ئېغىر ھالغا يەتتى. بەزىلەر ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەمەل تەلەپ قىلسا، بەزىلەر كۆتۈرۈپ يۈرۈپ پۇلغا ساتتى. بەزىلىرى خۇسۇسىي مۈلۈك قىلىۋالدى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرى تېپىلغاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش بولدى. 1910 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قالغان دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرىنى قويماي بېيجىڭغا ئەكىلىپ ساقلاشنى قارار قىلدى، توشۇپ كېلىنىۋاتقان يول ئۈستىدە، ھەر يەردە بىر قىسمى ئوغرىلاندى، ھەتتا «ئون يىللىق بۇلاڭ - تالاڭ» داۋامىدا، دۇنخۇاڭ دېگەن يەرنىڭ ئۆزىدىلا قۇچاق - قۇچاق نوم - بىتىكلەر ئۆيلەرنى تىنتىپ ئاختۇرغان چاغدا تېپىپ چىقىلغانىدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. كۆپلىگەن نوم - بىتىكلەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن ۋاڭ يۈەنلۇ تولىمۇ ئېچىنغان، چۈنكى نوم - بىتىك غارىنى شۇ كىشى تاپقان، ئۇ ساقلاپ كەلگەن يىللاردا سەۋەبسىز تۈردە كۆپلەپ يوقىلىپ كېتىش ئىشى يۈز بەرمىگەن، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ شۇنچىۋالا ئاچكۆزلۈك قىلىشىدىن ئۇ قاتتىق نەپرەتلەنگەن. شۇڭا 1914 - يىلى ستېيىن ئىككىنچى قېتىم دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ۋاڭ يۈەنلۇ ئۇنىڭغا ئادەمنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان بىر گەپنى قىلغان، بۇ گەپ «ستېيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى خاتىرىسى» دە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇ تولىمۇ ئەتىۋارلايدىغان خەنزۇچە نوم - بىتىكلەرنى توشۇپ زىيانغا ئۇچراتقانلىقىغا قاراپ، شۇ چاغدا دادىللىق ۋە دانالىق قىلىپ جياڭ ئۇستامنىڭ گېپىگە كىرىپ شۇنچە جىق پۇلنى ئېلىپ پۈتكۈل نوم - بىتىكلەرنى ماڭا بېرىۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپتۇ. شۇ قېتىم ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە مۇھىم دەپ قارىغان خەنزۇچە نوم - بىتىكلەرنى بىخەتەر بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ نەزىرىدە، نوم - بىتىكلەرنىڭ بۇنداق بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىشىدىن كۆرە پۈتكۈل نوم - بىتىكلەرنى ستېيىننىڭ مۇكەممەل ھالدا ساقلىشى ياكى ئۆزىنىڭ ساقلىشى ئەۋزەل كۆرگەن. دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرىنى زادى كىمنىڭ مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلىقى بىلەن زادى كىمنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ ئۆز قارىشى بار ئىدى.

نوم - بىتىك ساقلانغان غار 1900 - يىلى تېپىلىپ ھازىرغا قەدەر 100 يىل بولدى، ۋاڭ تويىن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنى 30 نەچچە يىل ساقلاپ، پۈتۈن ھاياتى ۋە زېھنىنى ئەسلىدە ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان بىر مۇقەددەس جايغا تەقدىم قىلدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيى گۈللەپ ياشنىدى، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. توينىنىزم پەرھىزى بويىچە، توينىلار ئۆلگەندىن كېيىن مۇنار تىكلەنمەيتتى، مۇنار تىكلەش پەقەت بۇددىزمغىلا خاس نەرسە ئىدى. لېكىن ۋاڭ تويىن بۇددا غارىغا كېلىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ شاگىرت - مۇرىتلىرى ۋە ئىخلاسمەنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدە مۇشۇ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ مۇنارنى تىكلىدى، مەقبەرىگە ئۇنىڭ تۆھپىلىرى بىلەن پەزىلىتىنى يېزىپ قويدى. بىز بۇددىزمغا خاس ماكاندا ئىگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ تويىن مۇنارىنى كۆرگىنىمىزدە، ئېيتىشقا قىيىن بولغان بىر ھېسسىياتقا كېلىمىز. چۈنكى دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلار جۇڭگولۇق، لېكىن ئۇنىڭغا ئىگىدارلىق قىلىۋاتقانلار بولسا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت.

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

(«شىنجاڭ شەھەر گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# «تامسىز مۇزېي» دا ساقلىنىۋاتقان يېزىقسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى


بەكرى ئىبراھىم چاۋۇش

(پىچان ناھىيە دىغار يېزا كارىز كۆلى كەنتى 3 - مەھەللىدىن)


دۇنيادىكى كۆپچىلىك دۆلەتلەردە ھەشەمەتلىك مۇزېيلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ دۆلەت (ياكى مىللەت) كە تەۋە كلاسسىك كىتاب، قولىيازما، رەسىملەر، ئەتىۋارلىق تارىخىي بۇيۇملار، قورال - سايمانلار، مۇھىم يالدامىلار. . . ساقلىنىدۇ. مۇزېيدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت، ماددىي مەدەنىيەتكە تەئەللۇق بۇيۇملار ئالىم، تەتقىقاتچىلارنى جەلپ قىلىدۇ، بۇ مۇزېيلارنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى كىشىلەر دىققىتىنى قوزغايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىباھا «گۆھەر» لەر تارىخ ئىلمىگە قىزىققۇچىلارنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋېتىدۇ. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ مۇزېيدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ.

لېكىن تۇرپان رايونىدا (باشقا جايلاردىمۇ بار، ئەلۋەتتە) ھەشەمەتلىك مۇزېيدىن باشقا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتنىك مەنبەسىنى، ئۇيغۇرلار تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئېتنىك تەركىبلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان يېزىقسىز، شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۇرپان رايونىدىكى خەلقتىن ئىبارەت «تامسىز مۇزېي» دا ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ساقلىنىپ كەلگەن لەقەم (فامىلە) لەر ۋە بىر قىسىم قەدىمكى يەر ناملىرى بولۇپ، بۇنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇ لەقەملەرنىڭ بىر قىسمى غەلىتىرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بىزنىڭ فامىلىمىز ئىدى. مىللىتىمىزدىكى سىرتنىڭ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تېز ئۆزلەشتۈرۈشتەك ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ئۆز ئارقىسىغا مىللىي روھ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى يوقىتىپ قويۇشتەك پاسسىپ ئامىلنى يوشۇرۇپ كەلگەن. بىزدىكى بۇ كەمچىلىك ھەرخىل ئوبيېكتىپ سەۋەب - ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە توختالمايمىز.

بىز ئۆزىمىزنى تارىخى ئۇزۇن مىللەت دېگىنىمىز بىلەن تا ھازىرغىچە فامىلىسىز ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بىزدە بۇرۇن فامىلە بولغانمۇ-يوق؟ بۇنى «تامسىز مۇزېي» دىكى يېزىقسىز، شەكىلسىز» يادىكارلىقلار بىلەن ھەشەمەتلىك مۇزېيلاردىكى يېزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلەلەيمىز.

مۇتەپەككۇر، ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «تونۇش بولمىغان 2 ئادەم كۆرۈشكەندە ئالدى بىلەن سالاملىشىدۇ، كېيىن ‹بۇ كىم؟ قايسى قەبىلىدىن؟›، دەپ سورايدۇ. جاۋاب بەرگۈچى. . . ‹سالغۇر قەبىلىسىدىن›، دەيدۇ ياكى كىتابىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان قەبىلە ناملىرىدىن بىرىنى ئېيتىدۇ. بۇ قەبىلە ناملىرى ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. . . ئاندىن ئۇلار سۆزلىشىشكە باشلايدۇ ياكى ئۆز يوللىرىغا راۋان بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەبىلىسىنى بىلىشىدۇ» دەپ يازغانىدى ( «دىۋان» 3 ـ تـوم 192 ـ بەت) .

خوش، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمىنى (تەتقىق قىلىپ كۆرسەم يەر ناملىرىمۇ، قەبىلە نامى بىلەن يەر نامى بىرىككەنلىرىمۇ بار ئىكەن) فامىلە قىلغان، بۇ بىباھا خەزىنىنى قېزىپ ۋارىسلىق قىلىش كېرەك.

«دىۋان» ، «ئىچكى توققۇز قەبىلە» ، «تاشقى توققۇز قەبىلە» سۆزلىنىپ «ئوغۇزلارنىڭ 22 قەبىلە» ئىكەنلىكى زاھىر بولدى. ئەپسۇسكى، قەبىلە تەركىبىدىكى ئۇرۇق، جەمەتلەر بولسا، سۆزلەنمىگەن.

ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا «44 قەبىلە بارلىقى» خاتىرىلەنگەن. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە «19 ئۇرۇق ـ قەبىلە بار» دېيىلگەن. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىمۇ «21 دىن ئوشۇق قەبىلە بار» دەپ خاتىرىلەنگەن، سۇي سۇلالىسى تارىخلىرىدا 48 قەبىلە (ئۇرۇق) بار دەپ، تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا 49 قەبىلە (ئۇرۇق) بار دەپ خاتىرىلەنگەن.

«فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان (P1283) تۈبۈتچە ھۆججەتتە 54 قەبىلە (ئۇرۇق) خاتىرىلەنگەن (قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 187 ـ، 196 ـ بەتلەر) . يۇنان، لاتىن تارىخچىلىرى-نىڭ كىتابلىرىدا 21 قەبىلە (ئۇرۇق) خاتىرىلەنگەن (ئىمىن تۇرسۇن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1997 ـ يىل، 2 ـ 3 ـ سان) .

«جامىئۇتتەۋارىخ» تا 122 قەبىلىگە بۆلۈنگەن، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. قەبىلە (ئۇرۇقلار) تۈركچە، ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاشلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بىر دەۋردە بىر نام بىرنەچچە خىل يېزىلىش، بىرنەچچە خىل تەلەپپۇز قىلىنىش بىلەن تەكرار بولۇپ قالغانلىرىمۇ بار. ئېھتىمال، چۈشۈپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەستۇر! سۇي سۇلالىسى تارىخچىسى ھەم ۋەزىرى، «سۇينامە. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئاپتورى پى جۈ: «دۆلەت نامى بولمىغان، قەبىلىسى كىچىك بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يازمىدىم» دېگەن. «جيەن بوزەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە 1996 ـ يىل، 4 ـ سان، 69 ـ بەت) .

ھالبۇكى، يازما مەنبەلەر تەكرارلىنىش، ئۆزگىرىش، چۈشۈپ قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ، 1 ـ قول ماتېرىيال تولپاش ئاسان ئەمەس. ھازىر تۇرپان رايونىدا ياشاۋاتقان خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەبىلە نامى 120 دىن ئاشىدۇ. بۇ مۇزېيدا ساقلانغان يادىكارلىقلار بىلەن تارىخىي مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز نەسەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ فامىلە قىلىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرۈشى ئۈچۈن، مەن بىر جەدۋەل تۈزۈپ چىقتىم. ئاز ـ تولا مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا توختالمايمەن. ماقالىنىڭ مەقسىتى — «تامسىز مۇزېي» دىكى بىباھا گۆھەرلەرنى قېزىشتىن ئىبارەت.

تارىخىي مەنبە بىلەن «تامسىز مۇزېي» دىكى يېزىقسىز «يادىكارلىقلار» نىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| نامى | يازما تارىخىي مەنبە | لەقىمى | ھازىرقى ئورنى |
|---|---|---|---|
| ساكا، سەك | «خەننامە» ، «تارىخىي خاتىرىلەر» ، گىرېك مەنبەلىرى | ساقى | لۈكچۈن بازىرى 3 ـ ئاھالىلەر كومىتېتى |
| تۆڭگۈس | «خەننامە» ، «تارىخىي خاتىرىلەر» ، گىرېك مەنبەلىرى | تۆڭگۈس | لۈكچۈن بازىرى 1 ـ ئاھالىلەر كومىتېتى |
| ياۋچى، يۆچى | «خەننامە» ، «تارىخىي خاتىرىلەر» ، گىرېك مەنبەلىرى | ياچى | پىچان لۈكچۈن |
| چاڭ دى | «خەننامە» ، «تارىخىي خاتىرىلەر» ، گىرېك مەنبەلىرى | چاڭ تى | پىچان، لۈكچۈن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۈيۈخۈن | «خەننامە» ، «تارىخىي خاتىرىلەر» ، گىرىك مەنبەلىرى | تۈيۈخۈن | پىچان، تۈيۈق، ياڭخىي |
| بايان | «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «كىتابلار جەۋھىرى» 973 - جىلد | بايان | پىچان - لەمجىن |
| پۇۋۇرغۇر، پۇۋۇرغار | «ۋېي خانلىقى يىلنامىسى. قاڭقىللار تەزكىرىسى» | پۇپور | پىچان لۈكچۈن، دىغار |
| تاتابى داتا | «سۈي نامە» «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» | تەتە تاتا | پىچان لەمجىن، لۈكچۈن |
| تۈلۈم | «ۋېي خانلىقى يىلنامىسى. قاڭقىللار تەزكىرىسى» | چىپار | پىچان، لۈكچۈن، دىغار |
| چىمەن چىمىيەن | تۈبۈتچە تارشاپۈتۈك، «سۈي نامە. تولەسلەر» ، «تاڭ نامە. ئۇيغۇرلار» | چۈمەن، چىمەن | پىچان، لۈكچۈن |
| چىگىل | «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، ۋېي، سۈي تارىخلىرى | چېگە | پىچان دىغار |
| چۈبە | «سۈي نامە. تۈرالار» | چېۋە | پىچان لۈكچۈن |
| چارۇق، جەرۇق | «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «سۈي نامە. تولەسلەر تەزكىرىسى» | چورۇق | پىچان - لۈكچۈن |
| چەبىش، چابىش | «سۈينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» | چەبىش، چېۋش | پىچان لۈكچۈن |
| خەزەر، قاسار، گاسار | «تاڭنامە» ، گىرىك مەنبەلىرىدە | قازار | پىچان لەمجىن |
| دولان | «كونا تاڭنامە. تۈرالار» | دۆلان | تۈرپان، لوپ، مەكىت |
| سوفو سافار | «سۈينامە» ، «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار» | ساپا | پىچان لۈكچۈن |
| سارۇغار، سارۇغۇر | «سۈينامە» ، «تاڭنامە» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» | سېرىق | پىچان، لۈكچۈن |
| سارات، سارت | «كونا - يېڭى تاڭنامە» سارتلار تەزكىرىسى» | سارت | پىچان لۈكچۈن، لوپ |
| سۇفاڭ | «ۋېينامە» | سوپياڭ | پىچان لۈكچۈن، لوپ |
| سوۋان | «سۈينامە. تۆلەسلەر تەزكىرىسى» | سوۋاڭ | پىچان لۈكچۈن، لوپ |

بىر قىسىم قەدىمكى قەبىلەناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلار، يەر ناملىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| داغائى، دېغائى | يۇنان تارىخچىلىرى | دىغار يېزا | پىچان ناھىيىسىنىڭ دىغار يېزىسى |
| تۈيۈخۇن، تويوهون | «خەننامە» ، گىرىك مەنبەلىرى | تۈيغان كارىز | پىچان تۈيۈق يېزا 8 - كەنتتە |
| كامار | گىرىك، لاتىن مەنبەلىرى | كامار، كارىز | پىچان دىغار يېزىسى |

(ئاخىرى 14 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئالتە شەھەرگە سەپەر

## نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت

(ئىيۇل خاترەمدىن)

ئۆتكەن يىللارنىڭ قايغۇ ۋە ھەسرەتلىرىنى كەتكۈزۈپ قەلبىمگە بىر ئاز تەسەللى بېرىش مەخسىتى بىلەن بىر نەچچە كۈن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم. بۈگۈن 4 - يانۋار. 5 ـ 6 ھەمراھىم بىلەن ئالتە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. تېكەسنىڭ كەڭ دالاسىغا كەلدىم. بۇ يەردە مەدەنىيەت ئالامىتى ئەسلا كۆرۈنمىدى. ھەر بىر نەرسە تەبىئىي ھالىتى بويىچە ئىدى. كۆز كېلىپ قايناپ تۇرغان ئىنسانلار، مەھەللىلەرنىڭ ئالا - يېشىل دەرەخلىرى يوق، تىپ - تىنچ ۋە سەكىن. يالغۇز تۇزلەڭ ئوتتۇرىسىدىلا موڭغۇللارنىڭ بىر گۈزەل، ۋەزمىن ئىبادەتخانىسى بىلەن موڭغۇل بالىلىرىنىڭ ئاندا - ساندا «ئاي، ئوي، ئۆي» — دېگەن مۇڭلۇق ناۋۇشلىرى تەبىئەتكە بىر تۈرلۈك ئۆزگىرىش بېرىپ تۇراتتى.

يولۇچىلار ئاستا ۋە سالماق ماڭماقتا. كۈن نۇرىمۇ ئاستا - ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئاخشام ۋاقتى بولغانىكەن، بىزمۇ ھېلىقى ئىبادەتخانىغا يېقىن بىر جايدىن ئورۇن ئالدۇق. كېچىنىڭ زۇلمىتى غايىب بولۇپ تاڭ نۇرىنى ئالەمگە چاچتى. موڭغۇل سۇمبىسىدىن جاڭ - جۇڭ دېگەن ناۋۇشلار موناقلارنى ئىبادەتكە چاقىرغان چاغدا ئىككىنچى بىر تەرەپتىن مۇڭلۇق ناۋۇش بىلەن ئەزان ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى. بىزمۇ مۇنداق بىر سۇمبىدە ئەزان ساداسىنى ئاڭلىغانلىقىمىزنىڭ خۇشاللىقىدا ئالدىراشلىق بىلەن ھەسرەپ - ھۆمەدەپ ئىبادىتىمىزنى بەجا كەلتۈردۇق. شۇ ئەسنادا بىر تۈركۈم كارۋانغا ئۇچراشتۇق. بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا بىز ئاشىدىغان مۇز داۋان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىمىش. خۇدا ساقلىسۇن، داۋان ئۈستىدە قار - بوران ۋە شىۋىرغان بولسا ھەممىمىز ھالاك بولارمىشمىز. يالغۇز خۇدا ئوڭشاپ، «مۇزارت غوجام» مەدەت قىلسىلا سالامەت ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن ئىكەن (مۇزارت غوجام تىرىكمىش). بولمىسا گويايى بار بەندىلەرگە «مۇزارت غوجام» ئەسلا يول بەرمەيدىكەنمىش. ئەمدى بۇ ۋاقىتلاردا «مۇزارت غوجام» بىر ئاز يۇۋاشلاپ قالغانمۇ نېمە ئۇچۇندۇر، بەزى بۇزۇق ئادەملەرمۇ ئاشالىغانمىش. بىز ھامان ئىلگىرىلىمەكتىمىز. قەلبىمىزدە ئۆتكەنكى گويا قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىزنى ئەسلىمەكتە ئىدۇق. ئالدىمىزدىكى قورقۇنچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار ۋە شىۋىرغان غۇيۇلداپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز دەھشەتكە چۈشەتتى. خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرىغا ئاغدۇرۇپ، ئىتتەرمەكتە ئىدى. ئاغىنىلىرىمىز بەك چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئاستا ماڭماقتا ئىدى. ئۇن - تۈن يوق ئاخىر موزارتقا يەتتۇق.




① ئۆتكەن سەنەدە ئومۇمىي ئىسلام ئالىمىگە كەلگەن مۇشتەرىك قايغۇلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىي قايغۇلارمۇ بولدى. ئەزىز ئاتام ئابدۇسەمەت، 4 ياشلىق ئوغلۇم رىزا ئىنىسى بىلەن ۋاپات قىلدى. ئۆلۈم دېگەن قانداق قاتتىق قايغۇلۇق - ھە!

ئوڭ تەرەپتىن چىقىۋاتقان شىۋىرغان بىر ئاز راھەتسىز بولسىمۇ، ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلىمىز خۇش ئەمەس ئىدى. ئاللىنېمىلەرگىدۇ بەك رەنجىپ، نېمىلەردىندۇ كۆڭۈل شۇركىنەتتى. بىز كۈن بويى ھامان مۇز ئۈستىدە مېڭىۋەردۇق. شەرق ۋە غەرب تەرىپىمىزنى ئورىۋالغان ئەينەكتەك كۆپ - كۆك مۇزتاغ ئۈستىدە قار - شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. ھە ئاستىمىزدا بولسا جەھەننەم چوڭقۇرى، خىيالىي ھېكايىلەردىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان جىن - شەيتان ئوردىلىرى، ئاللىقاچانكى زامانلاردا بۇ يەردە بىر قېرى جادۇگەر موماي ۋە بىر ئەجدىھا بولغانمىش. جادۇگەر موماي جادۇ قىلغانسىرى مۇز كۆتۈرۈلۈپ كېتەرمىش. ئەجدىھامۇ تىنچ ياتماسمىش. مانا شۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر باتۇرلىرىدىن بىرى چىن تۆمۈر باتۇر ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ، بۇ جادۇگەر موماي بىلەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ - دە ئالتە شەھەرگە يول ئېچىپتۇ. خەيرلىك سەپەر.

ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز. ئادەملەر بىر بىرىگە ئەگىشىپ ماڭاتتى. قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى يالاڭ - يالىڭاچ، ئاچ - زېرىن، بالا - چاقا، قېرى - چۆرە ھەممىسى پىيادە، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق - بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى. بۇ يەردە گۇناھلىق بەندىلەرنىڭ بىرىنىڭ جەسەدىنى تاش تۈۋىگە تاشلاپ كەتكىنىنى كۆردۈم.

ئەي كىتاب ئوقۇغۇچى قېرىنداشلار تۈرك مۇھاجىرلىرى دېسەك، بالقانلىقلارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان رۇس ئېلى تۈركلىرى ئېسىڭلارغا كېلىۋاتامدۇ؟ خەير، بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق. لېكىن بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى، ئۇ بولسا يوقسىزلىق، نامراتلىق ۋە مەئىشەت تارلىقى، ھە ئەپەندىم ئالتە شەھەرنىڭ بەش باللىق بىر ئائىلىسىدە بىر ئانا باللىرىغا قارايدۇ. ئۇلارنى بەزلەيدۇ. ئاتا باللارغا ئوزۇق ئىزدەپ بازارغا چىقىدۇ، لېكىن كۈن بويى قايتقىنى يوق. باللار ئۆتكەن كۈنى كېچىسى بىر پارچىدىن نان يېگەنىدى. كۈن بويى ھېچ نەرسە يېمىدى. بىچارە باللار ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئىڭرىشىدۇ. شەپقەتلىك ئانا يەنە بىر تۈرلۈك يالغان سۆزلەر بىلەن باللىرىنى بەزلەيدۇ. قوشنا ئەخمەتتىن ئۆتنە نان ئېلىپ تۇرار ئىدى. بۈگۈن ئۇلاردىمۇ نان يوق. «قوزىلىرىم ئاتاڭ نان ئېلىپ كېلىدۇ» - دەپ يىغلاپ - يىغلاپ باللىرىنى بەزلەيدۇ. لېكىن ئۆزى 2 كۈندىن بېرى تۇزۇكرەك تاماق يېمىگەنلىكتىن، كۆزلىرى گىرەمسەن بولۇپ ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى كۆرمەيتتى ۋە پۇتلىرى تىترەيتتى. ئاتا كۈن بويى ئىشلەپ تاپقان پۇلى ھېسابىغا (ئالتە تىيىن) بازاردىن نان ئېلىپ ئالدىراپ - سالدىراپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئائىلە ئىچىدىكى خۇشاللىق خۇرسەنلىكنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. قاراڭلارچۇ، 6 تىيىنغا 6 كىشى قانداق خۇشال بولىدۇ! بۇ ئاجىزلارنىڭ ئىچكەن تاماقلىرىنى ۋە ئۆي - تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىڭ. خۇدا كۆرسەتمىسۇن، بۇ ئائىلىدە ئاتا بولغۇچى بىرلا كۈن ئاغرىپ قالسا قىيامەت ھازىر ئەمەسمۇ. دېمەك، بۇنداق جاپانى كۆتۈرەلمىگەن، ئازغىنا بولسىمۇ دۇنيادا ياشاشنى خالىغان ئۇيغۇرلار قىش ئوتتۇرىلىرىدا بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىختىيارسىز ئىلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت قىلىدۇ. تەبىئىيكى، باللارغا سوغاقتىن ساقلانغىدەك ئەڭلى - ئاياغ، كىيىم - كېچەك يوق. يولغا يېتەرلىك ئوزۇق كۆپ ئەمەس. سوغاق بولسىمۇ 3 ياشلىق ئوغلى ۋە 3 ئايلىق قىزىنى ئۈستىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئوراپ، ئۇلارغا سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالاتتى. بىچارىلەر ئۆزلىرى بىرلا قار - شىۋىرغان بولسا كۆزنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

مانا قېرىنداش، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمدىن كۆرە «مۇزارت غوجامۇ» مۇنداق «گۇناھلىق» بەندىلەرنى داۋاندىن ئۆتكۈزمەسلىكى ھەقتە. «ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ بۇ مۇھاجىرلارغا بىر تۈرلۈك قولايلىق ئىشلارنى قىلماسمۇ؟» دېيىشىمىز مۇمكىن.

تۈگەل تۆت ئەتراپ تاغ ئىچىدە مېڭىپ، بەك ھارغان بولساقمۇ، ئارام ئالغۇدەك جاي تاپالمىدۇق.

uyghurkitap.com

بۈگۈن 11 ـ يانۋار كۈنى، ئوك تەرپىمىزدىن بىر يورۇق كۆرۈندى. بۇ بولسىمۇ ئۈچۈق دالىغا چىقىشىمىزدىن دالالەت بېرەتتى. كۈنىمۇ سوغۇق ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇرۇش كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئاستا مېڭىپ، زېرىككەن ئاتلارمۇ چاپساراق مېڭىشقا باشلىدى. ھە، قېرىنداشلار، يۇرۇڭلار دەپ ھامان ماڭماقتا. تىك تاغلار ئارىسىدىكى سايىنىڭ ئاغزىغا يېتەلمەيمىز. بۇ ئارىدا ئاخشام ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. يەتتۇق، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئىككى تاغ ئارىسى سېپىل بىلەن تورالغانىدى. يالغۇز ئوتتۇرىدىلا بىر تۆشۈك بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇ يەرگە باردۇق. بۇ ئالتە شەھەرگە چىقىدىغان قاپقا ئىدى. قاپقىدىن كىرىشىمىز بىلەن بىر مەمۇر چوقچىلىق قىلىپ، خۇددى بىزدىن تازىم، ھۆرمەت كۈتكەندەك تۇراتتى. لېكىن بىز تازىم بېرىش ئورنىغا تېزدىن يول خېتىمىزنى چىقاردۇق. مەمۇر بىزنىڭ رۇسىيە پۇخراسى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزگە دەرھال خوش كەلدىڭلار دېدى. قورغان ئىچىدە يەنە بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار كۆرۈندى. ئەتراپىمىزغا قارىساق قورغان بۇزۇلغان، 2، 3 ئۆيلا تۇزۇك تۇرۇپتۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بۇ شەھەر ۋە سېپىلنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن مەھكەم ياسالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا چىڭ ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئوتتۇرىسىغا مۇشۇنداق بىر سېپىل ۋە شەھەر سېلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن. مۇنداق بىر بۈيۈك شەھەرنى 2 نەپەر مەمۇر ئۈچۈنلا ياسىغانمۇ؟ بۇ كۈندە نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان؟ بۇنىڭغا ئەقلىمىز يەتمەي سورىساق بۇ سېپىل ـ قورغانلارنى قەشقەر ھاكىملىرىدىن بەدۆلەت جانابلىرى ياساتقانىكەن. ئۇ ئىلى تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىنى سېپىل بىلەن توساتقان ۋە يەنە شۇ شەھەردە 500 مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزغانىكەن.

خىيالغا چۆمدۇق. ئۇ زات بۇ سېپىل بىلەن شەھەرنى قانداق بۈيۈك ئوي ۋە ھېسسىياتلار بىلەن ياساتقان بولغىيتى؟ بىز گويا XIX ئەسىرگە قايتقاندەك بولدۇق. قورغان دەرۋازىسىدىن شۇنداق خىياللار بىلەن چىقتۇق. خوش، ئازادلىق ئەسىرى. بۈگۈن قىزىل بۇلاق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدۇق. ھەيران قالدۇق. بىر خانىگە ئورۇنلاشتۇق. خانە ئىگىسىمۇ «خوش كەلدىڭىز، ساپ كەلدىڭىز»، سۆزلىرى بىلەن تەكلىپ ئېتىپ، ئوچۇق چىراي قوبۇل قىلدى. مۇنداق مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان بىر خىسلەتتۇر. ئاخىر قىزىل بۇلاقتا مەكتەپ بولمىسىمۇ چىرايلىقىنە بىر خانىقا بار ئىكەن. سورىساق «بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دۇنيا مەكتىپى نېمىگە لازىم دېدۇق» — دەيدۇ.

## جام شەھىرى

ئەمدى ئاقسۇدىن 30 چاقىرىم نېرىدىكى جام شەھىرىدە بولدۇق. بۇ خېلى چوڭ ئىسلام شەھىرى ئىكەن. جامنىڭ ئۆزىگە لايىق بازىرى بولۇپ، دۈشەنبە ئومۇمىي بازار كۈنى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ كۈنى كوچىلار ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ۋە سىرتتىن كەلگەن خەلق بىلەن لىق تولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەتراپتىكى خەلق توغرىسىدا بىر قەدەر مەلۇمات ئېلىشقا بولىدىكەن. بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر توغرا، ساپ دىل، ساددا، يالغان سۆزلىمەس، دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئادەملەر. قىسقىسى، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىسا ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە مەھەللە ئىمامىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر مەكتەپ بار بولسىمۇ، بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئات بولمىغانلىقتىن ھەزرىتى نوھتىن قالغان تاختا پارچىلىرىغا يېزىپ ئوقۇيدىكەن.

بۇ يەردە نورۇز ھەپتىلەرچە مەيرەم قىلىنىدىكەن. بىزنىڭ بېرىشىمىزمۇ نورۇز مەيرىمىگە توغرا كەلگەنلىكتىن ھەقىقىي نەق ئەھۋالىنى كۆردۇق. خوتۇن ـ قىزلار، ئەر ـ ئوغۇللار ھەممىسى بىرگە چوقا گۈلەڭگۈچ، كىچىكلىرى ئۈچقۇچلارغا ئويىنىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەردىكى ئاياللارنى، قىزلارنى نامەھرەم دەپ كەمسىتىلىشلەر يوقكەن. كەچقۇرۇن چوڭلار ئوغلاق تارتىشماقتا. كىچىكلىرى مىللىي ئويۇنلارنى ئوينىماقتا ئىدى. بىز ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ يېڭى يىلنى مۇنداق قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ھەپتىلەرچە مەيرەم

ئويىنىشىغا ھەيران بولدۇق. بۇ بىچارە خەلقنىڭ ئۆلۈكلەرگە تىرىكلەردىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە بىزلەر گۇۋاھ قاتارىدا شاھىد بولدۇق. پىقىر - ئاجىزلارنى ھەم جىنس ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ، قايغۇرۇپ تۇرغىنىمدا، بىر بوۋاي بەدەۋلەت دەۋرىنى بەك پارلاق تەسۋىرلىدى. ئۇ زاماندا بۇ دىيار ئاۋات ۋە مەمۇر، كەمبەغەلچىلىك، مىسكىنلىك يوق، ئاھالە باي ۋە ئوقەتچان، ياخشى ياشايدىكەن. مەمۇرلىرى بۈگۈنكى چىڭ مەمۇرلىرىگە ئوخشاش خەلقنى تالاش بۇياقتا تۇرسۇن ئاھالە تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇلنىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن. ناۋادا بىرلىرى خاتالىشىپ قوبۇل قىلسا قاتتىق قوللۇق بەدەۋلەتتىن جازاسىنى ئالاتتىكەن. شەھەرلەر پاكىز ۋە تازا، ھەر يەرلەردە ئومۇمىي ھاممام. ئەسكەر مۇنتەزىم، يىگىت ئەسكەرلەر ئاتلىق، سەرۋازلىرى پىيادە، ئەسكەر كىيىمى بىر تۈرلۈك تۆمۈر رەڭلىك ماۋۇت چاپان.

قول ئاستىدىكى مۇنتىزىم ئەسكەر 82 مىڭ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسكەر مەنسەپلىرى: يۈز بېگى، پەنسات دادخۇۋا، دادخۇۋا دېگەنلىرى ئەسكەر ھەم پۇقرا بېگى. بۇنىڭ قول ئاستىدا 5 - 6 پانسات ئەسكىرى بار. بىرەر بۈيۈك شەھەر پۇقراسى ئەسكەرگە كىرەكلىك ھەممە نەرسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەدەۋلەت ھوزۇرىدا مەھرەم، ياساۋۇل، مۇلازىم ۋە بارچە چوڭ - كىچىك مەمۇرلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. ئوغلۇم، خۇلاسە شۇكى، ئۇ بەك كۈچلۈك پادىشاھ ئىدى. ئۇنداق بولسا مانجۇلاردىن نېمە سەۋەبتىن يېڭىلگەنىكەن؟ مانجۇ بىلەن سوقۇشسا يېڭىلمەس ئىدى. بىراق تەلەي شۇنداقتۇر. بەدەۋلەت ئوغا ئىچىپ ئۆلدى. قالغانلىرى چىن دۆۋلىتى بىلەن سوقۇشۇش ئورنىغا ئۆز ئارا تالاش - تارتىش قىلدى. چىڭ چېرىكلىرى سوقۇشماستىنلا دۆۋلەتكە ئىگە بولدى.

بەدەۋلەتنىڭ ئوغا ئىچىپ ئۆلۈشىنىڭ سەۋەبى نېمىدىن؟ شۇ مەزگىلدە چىڭ چېرىكلىرى بەدەۋلەتنىڭ تۇرپاندا تۇرغان 17 پانسات ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۆزبېك ئۇرۇقى بولسا ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئالتە شەھەر ئاھالىسىدىن بولغانلارنى ئەكسىچە ئازاد ئەتكەن. بۇ خەۋەر بەدەۋلەت ھەزرىتىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئۇ بۇ چاغدا كورلىدا ئىدى. بۇ ۋەقەدىن ئۇ بەك قايغۇردى. مانجۇلار بىلەن ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ گېپى بىرمىكىن دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ تېزدىن تۇرپان ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولغان بىر ئوغلى بىلەن بىر تۆرەمنى (بوۋاي ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان) قايتىشقا بۇيرۇق يازىدۇ. بىراق ئۇلار قايتمايدۇ. سەۋەبى: قايتساق «شۇنچە نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سوقۇشماي، نېمە ئۈچۈن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدىڭلار» دەپ بىرەر گەپلەرگە ئۇچرايمىز ئېھتىمال دەپ قورققىنىدىن كەلمەي قالدى. بۇنىڭغا بەدەۋلەت بەك خاپا بولدى. ئۆز ئوغلىنىڭ ئەمرگە بويسۇنمىغانلىقىنى ئېغىر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقبال چولپىنىنىڭ ئۆچكىنىنى جەزىم قىلدىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلدى. ئەرنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ دەيدۇ (بەدەۋلەت چىڭ چېرىكلىرىگە قارشى چىقىپ سوقۇشسا شۈبھىسىز يەڭگەن بولاتتى). «ئالتە شەھەر بەگلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن ئوغا بېرىلدى دېگەن يالغان گەپمىكەن؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەدەۋلەت بەك ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. مۇنداق گۇمانلىق چاغلاردا ئەمەس، تېچلىق زامانىدىمۇ ناھايىتى ساق بولاتتى. ئاشپەز ئاشنى ھازىرلاپ كەلتۈرگەندە ئاۋۋال ئۆزىگە سېلىنغان تاماقتىن ئۇنى ئېغىز تەككۈزۈپ، كېيىن ئۆزى يەيتتى. مەن بەدەۋلەتنىڭ مەھرەملىرىدىن-دۇرمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بىرى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى دېگەن سۆز توغرا ئەمەس» دەيدۇ بوۋاي. بۇ ھالدا ئالتە شەھەر ئاھالىسى ھەققىدە مەن بىرەر سۆز ئاچاي دېگەنىدىم. بوۋاي: «ئوغلۇم، سىزمۇ ئالتە شەھەر ئاھالىسىدىنسىز، ھە، سىلەرنىڭ ئېلى ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بارغىنىڭلارغا 4، 5 ئەۋلاد ئۆتتى، شۇنداقمۇ؟ ھە شۇنداق. چىڭ دۆلىتى ئېلىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ تەرەپنى ئاۋات، مەمۇر ئەيلەپ، مەدەنىيلەشتۇرمەك ئۈچۈن بۇندىن كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ئويلىغان، خاندىن ئېلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت ئەتكۈچىلەرگە تۈرلۈك مۇكاپات ۋە

www.uyghurkitap.com

ئىمتىيازلار ۋەدە بېرىلگەن. بۇيرۇق چىققان. بۇنىڭغا قىزىقىپ، ھىجرەت ئەتكۈچىلەر كۆپەيگەن. بۇنىڭدا بايلار، بەگلەر ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆز بالا - چاقىسىنى كۆچۈرۈشكە تىرىشقان. ھەممىسى شۇنداقلاردىن كۆچكەن. مۇھاجىرلارغا شۇنداق ئەركىنلىك بېرىلگەنكى، بىر يىگىت بىرىۋىنىڭ قىزىنى ‹مەن ئالىمەن، يۇر› دېسە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قارشى تۇرالمايتتى»، — دېدى. بوۋاي سۆز ئارىسىدا ئىلىنىڭ ئىلى دەپ ئاتىلىش سەۋەبى توغرىسىدا مۆھتەرەم خالىدىن ھەزرەتنىڭ «تارىخى خەمسىيە» سىدىكى ھېكايىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتتى. بۇ راستىنلا مۇئەررىخ بوۋاي ئىكەن. بۇغراخان ۋە يۇسۇپ قادىرخانلار ھەققىدە بىر مۇنچە سۆزلەرنى قىلدى. ئەمدى ئىسمىنى ئېيتاي: بۇ تۇرداخۇن بوۋا ئىدى.

**ئاقسۇ**

بۈگۈن 20 - يانۋار كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدۇق. ئاقسۇ بەك قەدىمىي شەھەرلەردىن بولۇپ بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇيغۇرخانلىرىمۇ تۇرغانىمىش. يالغۇز 900 - يىللىرى ئەتراپىدا ئابابەكرى دېگەن بىر خان بۇ شەھەر ئاھالىسىنى ئەخمەتخان دېگەن بىرىگە تەرەپدارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تولا قىرغۇزغان. يەنە سالامەت قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ 16 يىل ئەتراپىدا خارابىلىقتا تۇرغان. كېيىن سۇلتان سەئىد دېگەن كىشى خانلىقنى ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشقا ئەتراپ شەھەرلىرىدىن مۇھاجىرلارنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. سۇلتان سەئىد ئاقسۇ خەلقىدىن 10 يىل ئۆپچۆرىسىدە پادىشاھلىق ئالۋان - ياساق ئالمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ يېڭىدىن ئاۋات بولغان. مۇئەررىخلەرنىڭ ئاقسۇ خەلقى پىتراڭغۇ، پاراكەندە دېگەنلىرىنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك. ئاقسۇ كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك خوش مەنزىرىلىك شەھەر ئەمەس. پەقەت ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ چىققان جايى بولغىنى ئۈچۈنلا خۇش كۆرۈنىدۇ. كوچىلىرى مۇقىم ۋە تەرتىپلىك ئەمەس، كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەتسىز ۋە تارقاق. شەھەردە گۈزەلرەك ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. ھەممە ئادەم دالانلىرىدا يۈرىدۇ. گەمىگە

ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك تەرىپى يېتەرلىك. ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس. ئەكسىچە ئىشانلىرىمىز بەك كۈچلۈك، ھۈنەر - سانائەت كۆپتىن بېرى يوق. ئەمما دېھقانچىلىقى ئۆز لايىقىدا، ئاش ۋە ئىش ئەرزان. پەخش ۋە پاھىشىۋازلىق خەۋپلىك. كەمبەغەلچىلىك نەتىجىسىدە پاھىشىلىرىنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئۆسمەكتە. موللىلاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغىدەك ئىقتىدار يوق. ئېھتىمال ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمىگەندۇ. بۇ يەردىكى مەمۇرلار «ھارۋا سۇنسا ئوتۇن، ئۆكۈز ئۆلسە گۆش» بولىدۇ دەپ قاراپ تۇرىدۇ. پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق. شۇڭلاشقا پاھىشىلەر تۈگگان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يېنىغا بارساڭ ھامان نازلىنىپ، ئاشىق - مەشۇق قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزەڭدىن خورلىنىسەن. خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك غۇربەت ۋە يات تۇيۇلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئومۇمەن مۇئامىلىلىرى چىنلىقلار بىلەن بولغانلىقتىن، ھەممىسى بەڭگى بولۇپ، بازارلاردىن قىز يوقلىدىكەن. شۇڭا بىر ئاز ياشراقلىرى چىنلىقلارغا ئۆيلىنىدۇ ياكى ئومۇمىي يەرلەردە قىمار ئويناپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ تەرەپلەردە ۋاقىتلىق نىكاھمۇ خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوقسىزلىقنىڭ سەمەرىسىدۇر ئاخىر. جۇڭگودا قانچە ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىدارە ئالمىشىشلارنىڭ بۇ يەرگە ئەسلا تەسىرى يوقمىغان. ئىنقىلاب زامانىدا بىر - ئىككى بۈيۈك مەمۇر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئىنقىلابچىلاردىن قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ مەمۇرلار ھېلىقى ئىدارە ئادەملىرىدىنمۇ ناچار بولغان. بۇ كۈنلەردە بۇ تەرەپ بەك قىسىنچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان. ئاقسۇ خەلقى تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ بەك ناچار ئىكەن. بۇنى يەرلىك ئادەملەر ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ماللاردىن باجنى پەۋقۇلئاددە كۆپ ئالغانلىقىدىن كۆرىدۇ. كۆپتىن بىرى ئۆز ئىچىدىن خەلق مەجلىسىگە ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىڭلار دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇ

(ئاخىرى 64 - بەتتە)

# نادىر سۈرەتلەر

## تۇرسۇن قاھارىي

فوتوگرافىيە — مەتبۇئاتىمىزدا بارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ساھەلەردىكى پائالىيەتلىرىمىزنى يورۇتۇشتا مۇھىم ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىن باشلاپ، فوتو سەنئىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. فوتو ماتېرىياللار ۋە فوتو ئاپپاراتلار قەدەممۇ قەدەم يېتىلىنىپ، زامانىۋى تېخنىكىلار بىلەن بېيىپ باردى. بۇ ئامىللار سۈرەتلەرگە بولغان ئېھتىياجنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇلار دەۋرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا، ھۆججەتلىرىگە ئايلىنىپ، ئەھمىيىتى چوڭ مەنبە بولۇپ قالدى. ئەمما مۇسۇلمان خەلقلىرى ئارىسىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا سۈرەتلەرگە خۇراپىيلارچە كۆز قاراش تۈپەيلىدىن «سۈرەتكە چۈشسە يامان بولىدۇ، قىيامەتتە تىرىلىپ چىقىدۇ» دېگەن ناتوغرا سۆزلەر بىلەن بۇ سەنئەت راۋاجلانماي كەلدى.

دەۋر ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا يۇقىرىقىدەك خاتا كۆز قاراشلارغا خاتىمە بېرىلدى. باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش فوتو سەنئىتىمۇ پەيدىنپەي ئومۇملىشىشقا باشلىدى. خەلق ئارىسىدا (ئۇيغۇرلاردىمۇ) ئۆزلۈكىدىن سۈرەتلەرگە چۈشۈپ، كېيىنكى ئەۋلادقا قالدۇرۇش ۋە بىر - بىرىگە تەقدىم قىلىش ئادەتلىرى پەيدا بولۇپ، ئەنئەنىگە ئايلاندى. مانا شۇنىڭ نەتىجىسىدە بىز مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ تارىخىنى يورۇتۇشتا تېپىلماس ھۆججەتلەرگە ئىگە بولدۇق. سۈرەتلەر — تارىخنىڭ ئەينىكى. ئۇ بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدىمۇ بىزنىڭ تارىخىمىزنى يورۇتۇشتا ۋە ئۇيغۇر قامۇسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە قىممەتلىك ۋاستە بولۇپ قالىدۇ.

ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە 1920 - 1930 - يىللاردا ئۆتكەن چالغۇچى سەنئەتكارلار تارىخىنى يورۇتۇشتا مەلۇم مەنبەلەرگە ئىگە بولساقمۇ، 1910 - يىللار ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى ۋاقىتلىرى تېخى بوش تۇراتتى. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار خەلق ئىچىدە ئىزدىنىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى.

قولىمىزغا چۈشكەن نادىر تېپىلمىلارنىڭ بىرى (1 - سۈرەت) 1912 - يىلى ياركەنت شەھىرىدە رۇس فوتوگرافى ماراتكانوف تەرىپىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھېچقانداق مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان. بۇ تارىخىي سۈرەتتە ئاتاقلىق چالغۇچى - مۇقامچىلار جامىي ئاكا (مەشھۇر چالغۇچى ھۇسەنجاننىڭ دادىسى)، يۇسۇپجان غاپپاروف، روزى تەمبۇر ئەزەم ئوغلى، نادىر غېجەك باشلىق 17 كىشى بار.

مەزكۇر سۈرەت 1 - قېتىم غۇلجا شەھىرىدە چىقىدىغان «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ 3 - بېتىدە ئېلان قىلىنغان، سۈرەتنىڭ تېكىستىدە؛ «ئىلىدا ئۆتكەن بىر قىسىم چالغۇچىلار، 1912 - يىل. سۈرەتنى مەھەممەتجان ئەمەت ساقلىغان» دېيىلگەن. 2 - قېتىم بۇ سۈرەت 1988 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئېلان قىلىنغان. «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» (م. ھوشۇر) ناملىق بىئوگرافىيىلىك قىسسىنىڭ دەسلەپكى بەتلىرىدە (باشقا سۈرەتلەر بىلەن) بېرىلىپ، ئۇنىڭ تېكىستىدە: «1935 - يىل. بىر قىسىم سەنئەتچىلەر بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئەزالىرى ۋە ئىلىدىكى مەشھۇر زىيالىيلار» دېيىلگەن.

بىز يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، مەزكۇر سۈرەتنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، مۇشۇ بىر سۈرەتكە بېرىلگەن ئىككى خىل تېكىستكە قاراپ ئەجەبلەندۇق ۋە گۇمانلاندۇق. چۈنكى بۇ نەرسە بىزنىڭ XIX ئەسىر ئاخىرىدا ئۆتكەن سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرەتتىكى سەنئەتكارلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلىشكە توغرا كەلدى. سۈرەتتىكى 17 كىشىدىن ھازىرغىچە ھايات قالغىنى پەقەت بىرلا كىشى: ئالمۇتا شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان قازاقىستان س س ر نىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىستى، پېشقەدەم سەنئەتكار غۇلامخان جەلىلوفتۇر. ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھەقتە بىر نەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. ئۇ بىزگە مەزكۇر سۈرەتتىكى 17 كىشىنىڭ 15 ىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى (گايىلىرىنىڭ دادىسىنىڭ ئېتى)، ئۇلارنىڭ كەسپى،

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستى





1 ـ سۈرەتتە: 1 ـ قاتاردا (سولدىن ئوڭغا) سەيدەم كور (تېۋىلۋازچى)، نۇراخۇن نورۇزوۋ، ئىسلاماخۇن (يەنجىڭچى)، روزى تەمبۇر ئەزەم ئوغلى (1890 ـ 1956)، ئۆمەرجان غوجاشىق، 2 ـ قاتاردا سىدىقجان غاپپاروۋ، جەپەرخان ئۇسسۇلچى، رەخىمجان ساتىراچ زۇنناخۇن ئوغلى، جامىي ئاكا (1870 ـ 1941)، نادىر غىجەك، (ئىسمى نامەلۇم)، ئىمىنھاجى دۆلەتنىيازھاجى (1894 ـ 1965). 3 ـ قاتاردا ھېزىمقارى، نامەنغوجا غاپپاروۋ، (ئىسمى نامەلۇم). تۆتىنچى قاتاردا غىجەكتە يۇسۇپجان غاپپاروۋ (1876 ـ 1938)، ئىسكىرىپكىدا غۇلامخان جەلىلوۋ.

ھۈنەرلىرى، سەنئەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. خۇسۇسەن، يۇسۇپجان غاپپاروۋ، نادىر غىجەك، روزى تەمبۇر، جامىي ئاكىلارنىڭ شۇ دەۋردە ياركەنتتە ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە مۇزىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

— بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىشقى بىلەن ساز چالىدىغان روزى تەمبۇر ئىدى، ئۇ ئۆسەك بويىنى نەغمە ـ ناۋاغا تولدۇرۇپ، بۈگۈنكى ئەۋلادقا ئۆلمەس مىراس قالدۇرۇپ كەتتى، ـ دەيدۇ غۇلامخان ئاكا.

— بۇ سۈرەت قانداق قىلىپ غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ قالدى؟ ـ دېگەن سوئالىمىزغا غ. جەلىلوف مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— سۈرەتتىكى كىشىلەردىن ئىمىنھاجى دۆلەتنىيازھاجى، رەخىمجان ساتىراچ زۇنناخۇن ئوغلى شۇ يىللىرى غۇلجا شەھىرىگە، ھېزىمقارى بولسا چىلپەڭزىگە كەتكەن. مانا شۇلار ئېلىپ كېتىپ، غۇلجا شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. 1987 ـ يىلى ئالمۇتا ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئارتىستى سەيدەكرەم تۆلەگەنوف غۇلجا شەھىرىگە بارغاندا شۇ يەردىكى ئابدۇكېرىم زەرگەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئالمۇتا شەھىرىگە ئېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن سۈرەتنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا مۇيەسسەر بولالىدۇق. بۇ نادىر سۈرەت مەندىمۇ ساقلانمىغان-كەن.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياركەنتتە ساز، نەغمە ـ ناۋا خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى. غۇلجا شەھىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئوبدان يولغا قويۇلغان. مەشرەپ، سانائىي ـ نەپىسلەر راۋاجلىنىپ، ئىككى ئەلدىكى

سەنئەتكارلارنىڭ بىرىپ ـ كېلىشى قويۇقلاشقان. غۇلامجان جەلىلوۋ ئۆزىمۇ 1910 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1920 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا غۇلجا شەھىرىگە بىرىپ، ئۇ يەردىكى مەشھۇر چالغۇچى ئەلنەغمىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا كۆپ سازلارنى ئاڭلىغان. ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن بەھىر ئالغان. سۈرەتتىكى ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ـ ئەسۋابلىرىنىڭ بىر قانچە تۈرى ساقلانغان. مەسىلەن: دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، ساتار، چاڭ (يەنجىڭ)، داپ، تىۋىلغۇز. ئۇلارغا ياۋروپا ساز ئەسۋابى ئىسكىرىپكىمۇ قوشۇلغان.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش نادىرسۈرەتلەرنىڭ يەنە بىرى (2 ـ سۈرەت) 1915 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە مەشھۇر تاتار فوتوگرافى ئەكمەل سەمەتوف (1881 ـ 1953) تەرىپىدىن ئېلىنغان. ئە. سەمەتوف بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەرنىمۇ سۈرەتكە ئالغان. ئۇنىڭ 1944 ـ يىلدىكى ئىلى ئىنقىلابى ھەققىدە چۈشۈرگەن سۈرەتلىرى ساقلانغان. فوتوگرافىنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادى مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان.

گېزىتخانىلارغا تەقدىم قىلىنىۋاتقان سۈرەتتە ئاتاقلىق مۇقامچى مۇھەممەت ئەمەتباقى ئوغلى ئاخۇنۇم كارۋشاڭ، دۇتارچى ھەم ناخشىچى ئابدۇللا چۈكچۈك، مەشھۇر ناخشىچى مەسۇم توقۇم، نادىر غىجەك باشلىق 18 كىشى بار. بۇ 2 ـ سۈرەت 1 ـ سىگە (ياركەنتتە ئېلىنغانغا) قارىغاندا قەدىمىرەك بولۇپ، بەزى سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە ئاساسىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىلى ئۇيغۇر



2 ـ سۈرەتتە: 1 ـ قاتاردا (سولدىن ئوڭغا) نادىر غىجەك (1878 ـ 1942)، مەشھۇر ناخشىچى مەسۇم توقۇم، يەنجىڭ (چاڭ) چى ئەزبۇدۇ (تۆڭگان)، داپتا رەجەپ، ئۇسسۇلچى مىرزەخمەت. 2 ـ قاتاردا مۇھەممەت ئەمەتباقى ئوغلى ئاخۇنۇم كارۋشاڭ (1850 ـ 1927) — غۇلجىدا ئۇيغۇر ناخشا ـ ساز بايلىقىنى تىكلىگۈچى، نادىر قاسىم (ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دادىسى)، دۇتتارچى ھەم ناخشىچى ئابدۇللا چۈكچۈك، رەخىمجان ساتىراچ زۇنناخۇن ئوغلى، مەھەممەت تەمبەربي، دۇتاردا جەپەرخان، تەمبۇردا شىرىيازدان گابىتوف (تاتار). 3 ـ قاتاردا تىياتىر قىزىقچىسى ھېسامىدىن، تاتار مەكتەپ مۇئەللىمى نۇربي ئەپەندى، تىياتىر كاسسىرى قاسىمجان ناسىروف، قىزىقچى، چاڭباڭچى (تۆمبەل نىيزە ئوينايدىغان)، كىمە گۇلدەستە ئويۇنچىسى ھەبىبۇللام، قۇربانھاجى (1915 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مۇزىكىلىق تىياتىرىنىڭ باشلىقى)، ئەخمىتىم دۇتارچى.

كەسپىي تىياتىرىغا قايسى يىلدا ئاساس سېلىنغانلىقىغا ھۆججەت بولىدۇ.

مەزكۇر سۈرەتنىڭ نۇسخىلىرى غۇلجا شەھىرىدە ئاسار ئەتىقە يىغقۇچىلار، بەزى سەنئەت ئۇستىلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنمىغانلىقى مەلۇم. پەقەت 1960 ـ يىللىرى دەسلەپكى قېتىم «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە بېرىلىپ، «1915 ـ يىلى غۇلجىدا ئېلىنغان سازەندىلەر» دەپ ئېلان قىلىندى. 1984 ـ يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «پەرۋاز» دا: «ئاتاقلىق مۇقامچى ئاخۇنۇم كارۋشاڭ (2 ـ قاتاردا سولدىن 1 ـ كىشى) يېتەكچىلىكىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇقامچىلار. 1915 ـ يىل. غۇلجا شەھىرى. ق. ھاسانوف ئارخىپىدىن» دېيىلگەن. بۇ سۈرەت يەنە 1988 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستىدە: «1910 ـ يىل ئەتراپىدا ئىلىدا ئۆتكەن چالغۇچىلار (2 ـ رەت سولدىن 1 ـ كىشى كارۋشاڭ ئاخۇنۇم)» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، مەزكۇر سۈرەت ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جاروللايوف ئارخىپىدىن ئېلىنغان بولۇشى كېرەك.

مەن مەشھۇر مۇزىكاشۇناس زىكرى ئەلپەتتا بىلەن 1940 ـ 1950 ـ يىللىرى غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە ھەمسۆھبەت بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمىزدا، سۆزىمىز كۆپرەك ئىلىدا تىياتىرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقىتلىرىغا بېرىپ تاقىلاتتى. ئۇ ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر چالغۇچى ۋە ناخشىچىلارنىڭ ھاياتىنى قىزىقىش بىلەن سۆزلەپ، ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان ئاخۇنۇم كارۋشاڭ باشلىق 18 كىشى بار بىر سۈرەتنىڭ تەرىپىنى ئېيتىپ بەردى. مىڭ ئەپسۇسكى، مەن مەزكۇر سۈرەتنىڭ بىر نۇسخىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زىكرى ئەلپەتتا قولىدىن ئالالمىدىم. ئەگەر ئۆز قولىدىن ئالغان بولسام، سۈرەتتىكى ھەر بىر چالغۇچى ئۈستىدە قانچە قىممەتلىك مەلۇماتقا ئىگە بولاتتۇق. ئامال قانچە، زىكرى ئەلپەتتا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەن 1987 ـ يىلى تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە باردىم. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زىكرى ئاكا ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئايالى سەلىمە ھەدە مېنى ئىللىق قارشى ئالدى. 1987 ـ يىلى 4 ـ دېكابىر كۈنى زىكرى ئاكا ئۆيىدە ئايالى بىلەن مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بېقىياس ئىشلىرى ھەققىدە كۆپ سۆھبەتلەشتۇق. ئايالى: «ئاكىمىز (زىكرى ئەلپەتتانى دېمەكچى، ت ق) ھايات ۋاقتىدا يەنجىڭچى قاراخۇننىڭ ئوغلىغا بەرگىن، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى...» دېدى ـ دە، ماڭا سۈرەتنىڭ بىر نۇسخىسى بىلەن چۈشەندۈرۈشىنى تەقدىم قىلدى. مېنىڭ خۇشاللىقىم چەكسىز بولدى. مەزكۇر سۈرەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە: «1915 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە 1 ـ قېتىم قۇربان ھاجى باشقۇرۇشىدا ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا تىياتىرى قۇرۇلۇپ، 18 ـ دېكابىردا 3 ـ قېتىملىق ئۆز كونسېرتلىرىنى قويۇپ ئۆتكەندىن كېيىن چۈشكەن سۈرەت» دېيىلگەن. شۇنىڭدەك سۈرەتتىكى 18 كىشىنىڭ ئىسمىلىرى كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى ئىككى سۈرەتتىكى چالغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىسىملىرىنى بۈگۈن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدۇق. بۇ ئىككى نادىر سۈرەتتىن بىز بىر ئەسىرلىك سەنئەت تارىخىمىزنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى راۋاجلىنىش جەريانلىرى، ئۇيغۇر كەسپىي تىياتىرىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىنىڭ قەيەرلەردە باشلىنىپ، قانداق يوللار بىلەن ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كىملەر ئارقىلىق بۈگۈنكى ئەۋلادقا يەتكۈزۈلگەنلىكى توغرىلىق مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

سەنئەتنى خەلق ياراتقان. ئۇنى خەلق ئىچىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك.

# قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى

مۇبارەك ئاۋۇت

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىن ھېسابلىغاندىمۇ ئۇنىڭغا ھازىرچە 6000 ـ 7000 يىل بولدى، تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر شىنجاڭدا ياشاپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، دىنى ئېتىقاد ۋۇجۇدقا كەلگەن.· بۇ جەرياندا شەكىللەنگەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى گۆھەر بولۇپ، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزگىچە تۆھپە قوشقان» ①. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن خىلمۇخىل ئامىللار ئىچىدە ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ۋە ياسىنىش ئالاھىدىلىكى بۇ مەدەنىيەتكە يېڭى مەزمۇن قوشقان ھەم ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان.

ھەممىگە مەلۇمكى، ياسىنىش ئىنسانلاردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، چۈنكى ياسىنىش ياكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەرياندا ھاسىل بولغان ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى. ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيىتى گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلالمايدۇ. گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتلەردە ئورتاق ھالەت. ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، گۈزەللىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ئادەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەگىشىپ، يۇرۇش ـ تۇرۇش جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئادەت ـ ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۇرگەن» ②. «ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەردە تېخى ئانىمىزم (تەبىئەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش) كۆز قاراشلىرىدىن باشقا مۇئەييەن ئېستېتىكىلىق قاراشلار شەكىللەنمىگەنىدى. شۇڭا ئىپتىدائىي سەنئەت تەتقىقاتىدا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سەنئەت نەمۇنىلىرىنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا، قانداق مەقسەت بىلەن ئىجاد قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۈپ مەنبەسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا خىلمۇخىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىششى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ سەنئەت نەمۇنىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. خاس ھايۋانلار ئوبرازىنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل 1 ـ ئىستېتىك ئورۇندىن قېلىپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت نەزىرى بارغانسېرى ئادەم ئوبرازىغا قارىتىلىشقا باشلىدى» ③.

دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە كېلىش مەنبەسى بولغانىدەك ئىنسانلارنىڭ ياسىنىشى ۋە گىرىم قىلىشىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تارىخى بولغان، بىراق بۇ توغرىلىق تا ھازىرغىچە ئېنىق تارىخىي دەلىل ـ ئىسپاتلار كەمچىل، بۇ ھەقتە ئېنىق تارىخىي پاكىتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىزنىڭ يەنە قەدىمكى قەبرىستانلىقلار- دىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇق جەسەتلەرنىڭ گىرىمىدىن،



www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان گىرىم بۇيۇملىرىدىن، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن ۋە بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردىن پاكىت ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

«ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئەمگىكى جەريانىدا، هايۋانلار يارىلانسا قان ئاقىدىغانلىقىنى هەم ئۇلارنىڭ قان ئېقىپ ئۈزۈنغا بارمايلا ئۆلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭمۇ ياۋايى هايۋانلار چىشلىۋالسا قېنى ئېقىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، هايات ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ساغلام كىشىلەرنىڭ مەڭزى ۋە بەدىنىدە بىر خىل قىزىل قان رەڭگى جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆلۈپ كەتكەندە سولىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

قىسقىسى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار نەزىرىدە قىزىل رەڭ هاياتلىقنىڭ بىر خىل ئابستىراكت ئومۇمىيلىققا ئىگە مەنىدىكى سىمۋولى ۋە ئىسسىقلىقنىڭ، يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان» ④. «تۈز، تۇرلۇك مەدەنلەر، قىزىل سېغىز، گۈڭگۈرت قاتارلىقلار خىسلەتلىك هېسابلىنىپ ئالاهىدە قەدىرلەنگەن» ⑤. «شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىبېشى ۋە ئەتراپىغا قىزىل رەڭلىك تۆمۈر، مەدەن ئۇۋۇندىلىرىنى چېچىش ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە هاياتىي كۈچ، قان، ئىسسىقلىق ئاتا قىلىشنى تىلىگەن، ئارزۇ قىلغان» ⑥. «شىمالىي ئالتاي رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە) دىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە جەسەتلەر قىزىل توپىغا مىلەپ كۆمۈلگەن. بۇنىڭدىن قىزىل تۇپراقنىڭ هايات ۋە قاننىڭ سىماسى قىلىنغانلىقى شۇنداقلا جەسەتنى چىرىشتىن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چەرچەن ناهىيىسىدىكى زاغۇنلۇق كەنتىگە جايلاشقان (قەبرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتنىڭ بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن) قەدىمكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە بىر خىل تەبىئىي قىزغۇچ مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان. بۇ ئەھۋالمۇ يۇقىرىدىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» ⑦. دېمەك ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئەڭ دەسلەپكى گۈزەللىك تۇيغۇسى قىزىل رەڭ بولغان. شۇڭا ئۇلار ئوۋچىلىق جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن (يارىلانغان) هايۋانلارنىڭ قېنىنى يۈزلىرىگە ۋە بەدەنلىرىگە سۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان.

هەممىمىزگە مەلۇمكى، گىرىم قىلىش ئۇسلۇبى شۇ ئادەم ياكى شۇ مىللەتنىڭ (قەبىلىنىڭ) دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «ئىپتىدائىي ئادەملەر هايۋانلار سۈرىتىنى توتېم سۈپىتىدە بەدەنلىرىگە چېكەتتى، بۇ بىر خىل توتېمغا چوقۇنۇش ئىدى، ئۆردەكنى توتېم قىلىدىغان قەبىلىلەردە ياشلارمۇراسىمغا قاتناشقاندا چوقۇندۇرغۇچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۆردەك شەكلىنى، كۆز ئەتراپىغا چەمبەر، قېشىغا سىزىق سىزىپ قوياتتى. گۈل چېكىش تاش ۋە قۇلۇلە قېپى بىلەن تېرىنى تىلىش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تېرىدە قارا رەڭنىڭ قېنىق رەڭلىك قاپارتما ئىزلىرى قالاتتى» ⑧. «ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن بېزىكى مۇقىم ۋە ئۆزگىرىشچان بېزەك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. مۇقىم بېزەكلەر — بەدەنگە گۈل چېكىش، بۇرنىنى تېشىش، كالپۇكنى يېرىش، قۇلاقنى تېشىش قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزگىرىشچان بېزەك بولسا پۆپۈك ئېسىش، هالقا سېلىش، لېنتا چىگىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدەننى بوياش، گۈل چېكىش، ماي، ئۆسۈملۈك سۇيۇقلۇقى ۋە لاينى بەدەنگە سۈرۈش ئادىتى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ هەممىسىگە ئورتاق ئىدى. ئۇلار خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك سۈيىنى ۋە لاينى بەدەنگە سۈرۈش ئارقىلىق هاشارات ۋە پاشىدىن مۇداپىئەلىنەتتى ۋە تېرىسىنى پاكلايتتى» ⑨. ئىپتىدائىي ئادەملەر گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا هەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيىدىن ۋە مىنېرال كان مەھسۇلاتلىرىدىن هەرخىل بوياق ۋە رەڭ چىقىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن هەرخىل بوياق ياساپ يۈزىگە گىرىم قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى هاسىل

قىلغۇچى قەدىمكى ئەجدادلار ئەينى دەۋرلەردە ئاساسلىق 7 خىل رەڭنى يەنى يۇلغۇن چېچىكى، گۈلسىرۇخ، لەيلىگۈل، زاراڭزا چېچىكى، ياڭاق پوستى، ئانار پوستى، گېل (زاڭ)، كۆكتاش، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى، بورتوپىسى، سېغىز توپا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىمۇ 7 خىل ئاساسلىق رەڭنىڭ نامى ئىزاھلانغان. كېيىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئېھتىياج تەققازاسى ۋە گۈزەللىك ئىستەكلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈك چېچىكى (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال بولۇپ، گۈلى پورەڭ ئېچىلىدۇ)، تۇخۇمەك گۈلى، ئىنەك پىتى (ئابدىمىلىك)، قارىقات، ئالقات، ئاق يانتاق ئۇرۇقى، ئازغان ئۇرۇقى، پىياز پوستى، ئاق تېرەك پورى (جىگەررەڭ)، قارىغاي يىلىمى، ھەشقىپىچەك، نۆشۈدۈر (سىنىك خىلورىد)، مىتوسىن (قوغۇشۇن ئوكسىد، ئاق رەڭلىك)، قاراجۇجەم، شاتۇت (ئۈجمىنىڭ بىر خىلى)، قۇرۇم (ئاساسلىق تەركىبى كاربون) قاتارلىقلارنى ئۆزئارا تەڭشەپ، ھەر خىل رەڭلەرنى تەييارلىغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلار قارىغاي يىلىمى بىلەن ئانار شۆپىكىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بوياق ياسىغان. كۆكتاشنى يانچىپ ئېرىتىپ، ئۇنى ياڭاق پوستى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، سۇس ھەم يارقىن بولغان كۆك رەڭنى ئىجاد قىلغان، ئۇلار بۇ خىل رەڭلەرنى تېرىسىگە سۇرتۇپ، ھەرخىل بويىغان» ⑩. شۇنداق قىلىپ ئىپتىدائىي ئادەملەر تۇرمۇشىدىكى ئىلگىرىكىدەك تېرىنى تىلىپ، گۈل چېكىپ گىرىم قىلىش ئۇسۇلى كېيىنچە تېرىنى بوياشتىن ئىبارەت يېڭى ۋە نەپىس گىرىم قىلىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرگەن.

«بىز ئىپتىدائىي ئادەملەر تۇرمۇشىدا تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى يەنى مونچاقلار، سىرغىلار ئېسىلغانلىقىنى، ئۈزۈكلەر تاقالغانلىقىنى، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق رەڭدار توپىدا جۇلالاندۇرغانلىقىنى، ھەرخىل ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدا يۈز، قول، پۇتىغا، كۆكرەكلىرىگە نەقىش چېكىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئىپتىدائىي توتېم مۇراسىملىرى مۇنداق ياسىنىش ۋە بېزەك سېلىشنىڭ ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىدە ھەرخىل ئەمما تولىمۇ باي رەڭدار بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئۆلگەن كىشىنىمۇ يۇيۇپ تارايدىغان، ئازادە كىيىندۈرىدىغان، بەدىنىنى قىزىل گۈل بىلەن بويايدىغان، قاش، كۆزىگە رەڭ بېرىدىغان ھالەتتە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى قەبرىلىرىدە كۆپلەپ تېپىلدى. شىنجاڭنىڭ لوپنۇر، ئالتاي، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ۋە ئالغۇي كونا قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەرنىڭ تارغاق، مىس ئەينەك، مارجان، چاچ خالتىسى، باغىرداق بىلەن دەپنە قىلىنغانلىقى، بەدەنلىرىنىڭ قىزىل بويىلىپ، قىزىل توپىغا كۆمۈلگەنلىكى بۇ خەلقلەر تۇرمۇش ئىستېتىكىسى تارىخىدىن بىزگە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ» ⑪.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى ئەر - ئايال قۇرۇق جەسەتلەرنى تاپتى. $M_2$ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايال جەسىتىنىڭ ھازىرقى بوي ئېگىزلىكى 1.57 مېتىر كېلىدۇ. ئايالنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، چاچلىرى قوڭۇر (ئاقارغان)، قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن. پىشانە، چېكە، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىدىن تاكى ئىڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرالنى بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە يۆگىمەچ شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئىككى زىچ توقۇلغان قىزىل يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. ئاخىرەتلىك گىرىم بۇيۇملىرى ئىچىدە ياغاچ، مۈڭگۈزدىن ياسالغان 2 تال تارغاق ۋە قاش قەلەم تېپىلغان. ئەر جەسەتنىڭ پىشانە ۋە ئىككى چېكىسى، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئىڭەك ئاستىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلى ۋە قوشقارنىڭ يۆگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلىك قىلىپ سىزىلغان. ئايال جەسەتنىڭ قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا 2 تال قىلىپ ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى يەنە 45 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن 2 تال سۇنئىي چېچىمۇ بار. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىزگە ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىش (چېكىش) نىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل ۋاستىلىرى ئىكەنلىكى؛ ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بېزەك - پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئاياللاردىن ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدىنىگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى»⑫

يۇقىرىقى 2 جەسەتنىڭ يۈزىگە قىلىنغان گىرىملار ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئايالنىڭ يۈزىگە سىزىلغان گۈل - چېچەك نۇسخىلىرى ئەينى دەۋر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىككە بولۇپمۇ گۈل - چېچەكلەرگە بولغان ھەۋىسىنىڭ بەكمۇ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلىسە، ئەرنىڭ يۈزىدىكى نۇر چېچىۋاتقان قۇياش شەكلى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، قوشقار مۈڭگۈزى بولسا ئەرنىڭ باتۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلىگەن. «ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە دائىر تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنىڭ يەنە بىر خىل مۇھىم مەنىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن: تۈڭگۈس ئوۋچىلىرى ئىچىدە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس گۈل - چېچەكلەرنى سىزىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇلار يۈز ۋە بەدەنلىرىگە سىزىلغان ئەنە شۇ شەكىللەرگە قاراپ قارشى تەرەپنى (ياكى دۈشمەن تەرەپنى) ئېنىق ئايرىپ زەربە بېرىدىكەن. شۇڭا ئالىملار بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنى مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرى، بىر توپ بىلەن يەنە بىر توپنىڭ شەرتلىك بەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ دەپ قارايدىكەن»⑬.

بىرونزا دەۋرىگە ئائىت بولغان زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ماددىي پاكىتلار بىزگە شۇ دەۋرلەردىكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ مۈڭگۈز ۋە ياغاچلاردىن تارغاق ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى، ئەڭ ئىپتىدائىي قاش قەلەم بارلىققا كەلگەنلىكىنى، يۈز گىرىمدە يەنىلا چوقۇنۇش ئوبيېكتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

گىرىم بۇيۇملىرى ۋە گىرىم قىلىش ئۇسۇلى دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ يېڭىلانغان ۋە تەرەققىي قىلغان. تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي يۇرت ئاياللىرى ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپ، گۈزەللىكنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا قانۇنىيەتلىك گىرىم قىلىدىغان بولغان ھەمدە ھەرخىل ئۆسۈملۈك سۈيۇقلۇقى ۋە كان مەدەنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئۇپا، قاشلىق، لەۋسۇرخى ۋە ئەڭلىكلەرنى ياساپ چىققان.

«قاش قەلەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەتلەردە بولۇپمۇ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەلقلەر مەدەنىيىتىدە دائىم ئۇچرايدىغان بۇيۇم بولۇپ، قازاقىستان، قىرغىزستان، تاجىكىستان قاتارلىق جايلاردا بۇخىل بۇيۇمنى ‹سۇرمە تاش› دەپ ئاتايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ‹كانگۈي مەدەنىيىتى› گە خاس قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا قاش قەلەم چىققان ھەم بۇ قەلەملەر ئاساسەن ئايال جەسەتنىڭ باش قىسمىغا قويۇلغان. ھازىرغىچە شىنجاڭ رايونىدا قاش قەلەم چىققان قەبرىلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: بوزدۆڭ، زاغۇنلۇق، چۇمباق، سۇ بېشى، سىداۋگۇ، بىلچىر، نىيە، كېرىيە ... قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا قاش قەلەم چىققان.

رايونىمىزدا برونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىز ۋە خارابىلىقلاردا بۇ خىل گىرىم بۇيۇمى ئاجايىپ كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ شەكلى بىگىزگە ئوخشايدۇ. بىر ئۇچى ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە، يەنە بىر ئۇچى يۇمىلاق، ئومۇمىي گەۋدىسى ناھايىتى پارقىراق كېلىدۇ. قاش قەلەم ئەڭ دەسلەپ 3000 - 4000 يىل بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپكى شەكلى بىر ئاز قىسقا ئىدى. كېيىنچە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندىن باشلاپ تەدرىجىي ئۇزۇنراق ياسالغان ھەمدە بىر ئۇچىغا يىپ باغلاش ئۈچۈن يۇمىلاق تۆشۈك تېشىلگەن. قەبرىلەر قېزىلغاندا قاش قەلىمى دائىم قاراتاش پارچىسى بىلەن بىللە چىقىدۇ. قارا تاش - ئادەتتە ئۆلچەمسىز ياكى چاسا شەكىللىك، كۆپ قىرلىق بولۇپ، نىسبەتەن يۇمشاقراق كېلىدۇ، ئۈستىدە قاش قەلەمنى سۈركەش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئويمانچە بار. مۇشۇنداق سۈركەپ چىقىرىلغان ئۇۋاق بىلەن ئاياللار قاش - كىرپىكلىرىگە گىرىم قىلغان. يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئارخېئولوگلىرىمىز چاپغا قەبرىستانلىقى، نىيە قەبرىستانلىقى، يۇمىلاق قۇم ۋە قارادۆڭ قەلئەلىرىدىن زور مىقداردىكى قاش قەلەم ۋە قارا تاشلارنى قازغان» ⑭ بولۇپ، بۇلاردىن ھازىرمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. 1990 - يىللاردىن ئاۋۋال رايونىمىز ئارخېئولوگلىرى يۇقىرىقى بۇيۇملارنى «بىگىز، بىلەي تاش» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مۇزېيلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا بۇ خىل بۇيۇمنىڭ ئەسلى رەڭدار تاش ۋە قاش قەلەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ شۇ يەرلىك ئارخېئولوگلارنىڭ ئاتىغىنى بويىچە «سۈرمە تاش» دەپ ئاتايدىغان بولدى. تاشقورغاندىكى بىر قىسىم ئاياللار ھازىرغىچە مۇشۇ خىل سۈرمە تاش ۋە قاش قەلەملەرنى ئىشلىتىپ، قاش - كۆزلىرىگە گىرىم قىلماقتا.

دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئائىت «پىچاندىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى $M_1$ قەبرىدىن تېپىلغان تىكىلگەن بىر گىرىم خالتىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مۈڭگۈزدىن ياسالغان تارغاق، قاش قەلەم، قارا، ئاق، قىزىل رەڭلىك سۈرمە تاشلار قاچىلانغان. قاش قەلەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8.3 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ. قاش قەلەمنى قارا رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاق بىلەن قاش - كۆزلەرگە گىرىم قىلىنسا، ئاق رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش-ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاقلار بىلەن يۈز ئاقارتىلىدۇ، بۇ ئەڭ دەسلەپكى ئۇپا ھېسابلىنىدۇ. قىزىل رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاقلار بىلەن يۈزگە ئەڭلىك قىلىنىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي قەبرىستانلىقى $M_1$ قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان قاش قەلەمدە ھازىرمۇ قىزىل رەڭلىك بوياق قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى قاش قەلەم قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ گىرىم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق گىرىم بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ ھەرخىل رەڭلىك تاشلارغا سۈركەش ئارقىلىق بوياق چىقىرىش رولىنى ئوينىغان. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، قاش قەلەم چىققان ئورۇنلاردىن رەڭدار تاشلارمۇ بىرگە چىقىدۇ، ئۇ رەڭدار تاشلار بىللە ئىشلىتىلىدۇ» ⑮.

شۇ دەۋرلەردە غەربىي يۇرت ئاياللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ۋۇيەنچۈن ‹ئۆرپ - ئادەت ۋە ئارخېئولوگىيە› ناملىق ماقالىسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى M.g. شارەنكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قاشلىق ئېتىش ئادىتىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى توغرىسىدىكى ‹قەدىمكى باكتىرىيە› دېگەن ماقالىسىنى تىلغا ئېلىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 يىل بۇرۇن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بىر گىرىم قۇتىسى توغرىلىق مەلۇمات بەرگەن. بۇ خىل كەڭ، يۇمىلاق قورساقلىق، ئېگىز بويۇنلۇق، تەكشى يۈزلۈك، يۇمىلاق ئېغىزلىق كىچىك قۇتىنىڭ ئېغىزىغا ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىچىك تاياقچە قىستۇرۇپ قويۇلغان. شارەنكى بۇنى قاشلىق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قارا رەڭلىك سۈرمە تاش

قاچىلىنىدىغان گىرىم قۇتىسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ھازىرقى زامان مىللىي ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمە زالىدىكى تاتارلار كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان، شەكلى باكتىرىيە ئەتراپىدىن تېپىلغان يۇقىرىقى قۇتىغا ئوخشاش 2 دانە قاشلىق قۇتىسى بار بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت قۇتىنىڭ ئېغىزىغا سانجىپ قويۇلغان كىچىك تاياقچىغا گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن» ⑯.

يۇقىرىقى ماددىي پاكىتلار بىزگە تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى ھەمدە بۇ دەۋردە قاش قەلەم، ئۇپا، ئەڭلىك، گىرىم خالتىسى قاتارلىق يېڭى ۋە ئىپتىدائىي گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى شۇنىڭدەك شۇ دەۋردىلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە كەلگەندە خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم بۇيۇملىرىغا قوشۇلغان بىردىنبىر يېڭىلىق — مىس ئەينەك ھېسابلىنىدۇ. «ھازىرغىچە شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى مىس ئەينەك ئالتاي ۋە كۈنەس رايونىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئالتايدىن تېپىلغان مىس ئەينەكنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 46.9 گرام كېلىدۇ، يۇمىلاق شەكىلدە، سىدام ياسالغان، كۈنەس رايونىدىن تېپىلغان مىس ئەينەكنىڭ دەستىسى بار، يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، تىكتاك توپ پالىقىغا ئوخشايدۇ» ⑰. ئەينەكنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلى ۋە سۈپىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

غەربىي خەن دەۋرلىرىدە بۇددا دىنى ۋە باشقا ھەرخىل دىنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ئېقىپ كىرىشى بىلەن ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشۇلغان. ئۇ بولسىمۇ «ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە ‹3 سىزىقلىق رەڭدار گىرىم قىلىش ئۇسۇلى›، بولۇپ، بۇنداق گىرىم قىزىل، يېشىل رەڭلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە سىزىقچە شەكىلدە سىزىلغان بولۇپ، سىزىلىشىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە، نەپىسلىكىدىن قارىماققا تەبىئىيدەكلا كۆرۈنىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ پېشانىسىگە دەل مۇشۇنداق گىرىم قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى لوپنۇر چارۋىچى ئاياللىرىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى ۋە ئۆزگىچە سالاپىتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن» ⑱.

«نىيە خارابىسىدىكى شەرقىي خەن دەۋرلىرىگە ئائىت قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن مىس ئەينەك، ئۇپا خالتىسى، ئەڭلىك خالتىسى قاتارلىق قىممەتلىك يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى. مىس ئەينەكنىڭ دۈمبە تەرىپىگە خەنزۇچە خەن مەلىكىلىرىگە بېغىشلانغان مەدھىيە سۆزلىرى ئويۇلغان بولۇپ، ئىچكىرى رايونلاردىن غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن ۋە ئىنتايىن ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئەينەكنىڭ دىئامېتىرى 12.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6 سانتىمېتىر بولۇپ، ياسىلىشى ئىنتايىن سۈپەتلىك، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىنتايىن يېڭى ۋە پارقىراق ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان» ⑲. «$M_4$ قەبرىدىن بىر دانە مىس ئەينەك تېپىلغان بولۇپ رايونىمىزدا ياسالغان، ئەينەكنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يىپ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكچىسى (مونكى) بار. مونكىنىڭ دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 1.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ قەبرىدىن يەنە كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارا ۋە قىزىل رەڭلىك بوياق قاچىلانغان گىرىم قاپچۇقىمۇ تېپىلغان» ⑳. «ئۇپا خالتىسى قوغۇشۇن ئۇپىسىنى قاچىلايدىغان خالتا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر كېلىدۇ، خالتىنىڭ سىرتىغا قىزىل، يېشىل رەڭلەردە ئۆسۈملۈك ۋە گۈل - چېچەكلەر كەشتىلەنگەن. خالتىنىڭ ئېغىزى چىگىلگەن، ئىچىگە ئورغۇنلىغان گىرىم تاشلىرى قاچىلانغان، قوغۇشۇن ئۇپىسىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن، ھازىر تاش پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەڭلىك خالتىسى سېرىق يىپەكتىن تىكىلگەن، ئىچىدە ئازراق

ئوچۇق قىزىل رەڭلىك ئەڭلىك قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خالتىنىڭ ئېغىزى ئاق رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن باغلانغان، خالتا ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىگە پاختا قالدۇقى قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى جىگەررەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن، بەلكىم بۇ ئايال جەسەتنىڭ هايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئەڭلىك سۇرتكۈچى بولۇشى مۇمكىن»[21].

يۇقىرقى گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ چىراي گۈزەللىكىگە ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىستېتىك قارىشى ۋە ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، گىرىم قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى هەمدە غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سودا ـ مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ ئىچكىرى ئۆلكە ئاياللىرىغا يېقىنلىق ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ ئومۇملىشىشى ئاياللارنىڭ گىرىم ئۇسلۇبىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇ دەۋردە «غەربىي يۇرت ئاياللىرىدا پېشانىسىگە سېرىق رەڭدە گىرىم قىلىش مودا بولغان. بۇ خىل گىرىم سېرىق رەڭلىك ئۇپىنى پېشانىسىگە سۇرۇش ياكى سېرىق قەغەزلەرنى يۇلتۇز، ئاي، گۈل ۋە قۇشلارنىڭ قۇيرۇقى شەكلىدە كېسىپ پېشانىسىگە چاپلاپ قىلىنىدۇ. قۇجۇ تۇيۇق خارابىسىدىن تېپىلغان رەختىنىڭ ئۈستىگە، چاچلىرىنى باتتىلىۋالغان، پېشانىسىگە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سېرىق رەڭدە گىرىم قىلىۋالغان، بۇنداق گىرىم ئاياللارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناهايىتى ياخشى ۋە خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن»[22].

تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە غەربىي يۇرت كىشىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلىمۇ كۆپ خىللاشقان، پېشانىسىگە سېرىق رەڭدە گىرىم قىلىش غەربىي يۇرت ئاياللىرى ئىچىدە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ دەۋردە ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە سىم ئالتۇندىن كىيىم تىكىش مودا بولغاچقا، بۇ خىل گىرىم ئەنە شۇ ئالتۇن كىيىمنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ تولغان بولۇشى گۈزەللىك دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، ئاياللار گىرىمنى ئاشۇ خىل بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە يۈز شەكلىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە يېڭى ئۇسۇلدا گىرىم قىلىدىغان بولغان، بۇنىڭ تىپىك مىسالى قاشلىق ئېتىش بولۇپ، ئاياللار دۈپ ـ دۈگىلەك، سېمىز يۈزلىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن «قاشلىرىنى توم ۋە قىسقا سىزىدىغان بولغان. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا سىزىلغان ‹قورشاۋ شاهمات ئويناۋاتقان ئاياللار› نىڭ رەسىمىدە ئۇلارنىڭ قاشلىرى دەل ئاشۇنداق سىزىلغان. بۇ مەزگىلدە ئاياللار پېشانە پەردىزىگە ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەن، گىرىمنى قىلىشتا ئادەتتە رەڭگى قېنىق قەغەز ياكى ئالتۇن قەغەزدىن گۈل كېسىلىپ، پېشانىسىگە چاپلىنىدۇ ياكى رەڭ بىلەن پېشانىسىگە بىۋاستە گۈل سىزىلىدۇ. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئاياللارنىڭ شايىغا سىزىلغان رەسىمى ۋە ئايال قونچاقلارنىڭ پېشانىسىنىڭ هەممىسى زىننەتلىك بولۇپ، ئۆرۈك چېچىكى، رومبا ۋە ئالماس شەكىللىرى سىزىلغان، زىننەتلىك ئادەتتە قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئاياللارنىڭ گىرىمىدىكى يەنە بىر ئالاهىدىلىك ئۇلار ئىككى مەڭزىگە قېنىق قىلىپ دۈپ ـ دۈگىلەك ئەڭلىك ئەتكەن. ئىككى جاۋغىيىغا قىزىل رەڭدە زىناق چەككەن، لەۋلىرىنىمۇ قىپ ـ قىزىل قىلىپ بويىۋالغان»[23].

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي شەهەرلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويغان. ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ گۈزەل هۆسن ـ جامالى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ياسىنىپ ـ تارىنىشى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى كىشىلەرنى هەيران قالدۇرغان. شۇندىن باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكە ئاياللىرى ئىچىدە غەربىي يۇرت

uyghurkitap.com

ئاياللىرنى دوراپ ياسىنىش مودىغا ئايلانغان. بۇ توغرىلىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر يۈەن چى مۇنداق دەپ يازغان:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - چوكانلار مەشغۇلى،

زور ماھارەت بولدى چالماق، سازنى ئۇيغۇرچە-سىمان.

سۇمۇروغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،

ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ - زىننەت، تىل ئۆگىنىش.

بولدى بەس - بەسلىك ھەۋەس، بۇ 50 يىلدىن بۇيان».

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن يۇرتىمىز ئاياللىرىنىڭ گىرىم ئۇسلۇبى ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش مەنبەسى بولغان ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئۆرنەك قىلغان ئاساستا كونا - يېڭى ئۇسلۇبلارنى بىرلەشتۇرۇپ پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولغان. بۇ توغرىلىق ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەلۇمات بېرىلگەن ھەم مەخسۇس ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە سۆزگە ئىزاھات بېرىلگەن.

① ئۈپۈ (1 - توم 409 - بەت) — ئۇپا.

② ئەڭلىك (1 - توم 156 - بەت) - خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق.

③ يىپلاشتى (3 - توم 141 - بەت) خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى يىپلاشتى.

④ مەڭدەشتى (3 - توم 544 - بەت) يىپ سىپلىشتى، ئىككى خوتۇن بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى.

⑤ كىرشەن (1 - توم 570 - بەت) قوغۇشۇن ئۇپا.

⑥ يىپلاتتى (2 - توم 519 - بەت) يىپ سالدۇردى، خوتۇن يۈزىنى يىپلاتتى، يەنى يۈزىنى يىپ بىلەن تەدۇردى.

⑦ يالتىراتتى (2 - توم 517 -بەت) ۋاللىداتتى، ئۇپا ئۇنىڭ يۈزىنى ۋاللىداتتى.

⑧ ئۇپىلاندى (2 - توم 406 - بەت) ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتتى، خوتۇن ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتتى.

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ گىرىم سەنئىتىدىكى بىردىنبىر يېڭىلىق قاش ۋە يۈزنى تېرىش، گىرىمنى تەبىئىي ۋە پاكىز قىلىش ئىدى، لېكىن بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتا يەنىلا بۇددا دىنىنىڭ ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان، قاراخانىيلار خاندانلىقى بىلەن دەۋرداش بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ زېمىندا ئوخشاش دەۋردە ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ گىرىم ئۇسلۇبىدا بىر مەزگىل ئىككى خىل ھالەت ساقلىنىپ كەلگەن. ئەمما ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئاياللارنىڭ گىرىم ئۇسلۇبى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن يەنە پەرقلىنەتتى. يەنى ئاياللار قاشلىرىنى بۇرۇنقىدەك توم، قىسقا سىزماستىن قىياقتەك ئىنچىكە، ئۇزۇن سىزغان، پېشانە گىرىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ پېشانىسىگە يېشىل رەڭدە يەلپۈگۈچسىمان گىرىم قىلىش بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ بەلكىم كىيىملەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان گىرىم بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر يېڭى ئۇسۇل — ئىككى زاڭاق سۆڭىكىگە قىيپاش قىزىل سىرىق سىزىدىغان بولغان. بۇ بەلكىم يۈزنى ئورۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان گىرىم بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ رايونىدا ئىسلاملىشىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ گىرىم ئۇسۇللىرىمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ گىرىم ئۇسلۇبىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا ئاساسەن بىرخىللاشقان.

يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى خۇلاسىلىغىنىمىزدا، يۇرتىمىزنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن باشلانغان ئەڭ ئىپتىدائىي گىرىم قىلىش ئۇسۇلى ئاياللارنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە يېڭىچە

سەھىپە قوشقان. شۇنداقلا غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلى شەرق ئاياللىرىنىڭمۇ گىرىم قىلىش ۋە ياسىنىش ئۇسۇللىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ قوللانغان گىرىم ئۇسۇللىرىدىن — ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ قېنىنى يۈزىگە سۈرتۈۋېلىش ئادىتى ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا مەۋجۇت. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى تىلىپ، كېسىپ گىرىم قىلىش ئۇسۇلىدىن قالغان قۇلاق تېشىش ئادىتى، قول ۋە بەدەنلىرىگە ھەرخىل شەكىللەرنى چېكىش ئۇسۇلى، برونزا دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇپا، ئەڭلىك سۈرۈش ۋە قاشلىق ئېتىش ئادىتى، قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يۈز ئېلىش ۋە قاش تېرىش ئۇسۇللىرى ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ۋە قوللىنىلىۋاتقان قەدىمكى گىرىم ئۇسۇللىرىدۇر.

دېمەك، گىرىم ئۇنىسىز تىل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ، مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، روھىي كەيپىياتىنى ھەتتا دەۋر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەينەك، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①يۈەن شۇ: «شىنجاڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ سىرى» — «شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىل 21 ـ ئىيۇن ساندىن ئېلىندى.

② ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» 199 ـ بەت.

③ ئابدۇقېيۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان 84 ـ بەت.

④⑥⑧⑨ سەنئەت ھوشۇر: «ئېستېتىكا ئاساسلىرى ئوقۇشلۇقى» 128 ـ، 400 ـ، 388 ـ، 399 ـ بەتلەر.

⑤⑦ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» 79 ـ، 80 ـ بەتلەر.

⑩ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيتى» 318 ـ، 319 ـ بەتلەر.

⑪ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» 554 ـ بەت.

⑫«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1997 ـ يىل 3 — 4 ـ سان 56 ـ بەت.

⑬ئابدۇقېيۇم خوجا: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 ـ يىل 5 ـ 6 ـ سان 110 ـ، 113 ـ بەتلەر.

⑭«شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى تېپىلمىلار» (خەنزۇچە) 74 ـ بەت.

⑮«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994 ـ يىل 2 ـ سان 75 ـ بەت.

⑯⑰⑱⑲㉑㉒㉓«غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە) 193 ـ، 195 ـ، 196 ـ بەتلەر.

⑳«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1999 ـ يىل 2 ـ سان.


تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپى ۋە تارىختىكى داڭلىق مەدرىسەلەر

ئابلاجان ئۇمىديار

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

«مەدرىسە» ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، «دەرس ئۆتۈلىدىغان ئورۇن» ياكى «دەرسخانا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەدرىسەدىن ئىبارەت بۇ خىل مائارىپ ئاقارتىش شەكلى ئەڭ بۇرۇن ئەرەبلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە باشقا ئەللەرگە تارقالغان. ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلارنى تەربىيلەش مەقسىتىدە قۇرۇلۇپ بىر خىل ئالاھىدە مائارىپ ئاقارتىش مۇئەسسەسى بولغان. مەدرىسە مائارىپى ئۇيغۇرلارغا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇتۇق بۇغراخان (942 — 956 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە بىر خىل يېڭىچە مائارىپ شەكلىدە يېتىپ كېلىپ، بايتاش بۇغراخان (956 — 971 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىغان. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپ ئەبۇ نەسىر سامانى 930 - يىللاردا ئاتۇشتا كىچىك بىر مەدرىسە قۇرۇپ، ئۇنىڭدا تۇنجى قەدەمدە 70 كىشىنى تەربىيلىگەن. كېيىن ئوبۇل ھەسەن سەئىد ھاتەم، سەئىد جالالىدىن باغدادى قاتارلىق ئالىملار 950 - يىللىرى قەشقەرگە كېلىپ خان ئەۋلادلىرىنى ئىسلامىيەتكە دەۋەت قىلىش بىلەن بىللە شۇ زامانلاردا قەشقەردە قۇرۇلغان داڭلىق «ساچىيە مەدرىسى» دە مۇددەرىسلىك قىلىپ ئىلىم تارقاتقان. X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر ۋە بالاساغۇن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئوتتۇراھال ۋە چوڭ مەدرىسەلەر خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ (مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇستازى)، ئىمادىدىن قەشقىرى، جامالىدىن قەشقىرى، ئابدۇلغاپپار بىنىنى ھۈسەيىن، يۈسۈپ بالاساغۇنى قاتارلىق ئالىملار تەربىيلەپ چىقىلغان①.

X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قەشقەردە قەد كۆتۈرگەن مەدرىسەئى ساچىيە (ئىلىم نۇرلىرىنى چاچقۇچى مەدرىسە)، مەدرىسەئى ھامىدىيە، مەدرىسەئى مەھمۇدىيە قاتارلىقلار ئەينى دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى چوڭ مەدرىسەلەرنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرى ئىدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپ شەكلى باشلانغۇچ مەدرىسەلەردىن ئادەتتىكى مەدرىسەلەرگە، ئادەتتىكى مەدرىسەلەردىن چوڭ مەدرىسەلەرگە تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ناھىيە بازىرى ياكى چوڭ يېزىلاردا باشلانغۇچ مەدرىسەلەر، چوڭ شەھەر ۋە مەركىزىي شەھەرلەردە ئوتتۇراھال ياكى چوڭ مەدرىسەلەر قۇرۇلغان. چوڭ شەھەر ۋە مەركىزىي شەھەرلەردە ئوتتۇراھال ياكى چوڭ مەدرىسەلەر قۇرۇلغان. باشلانغۇچ مەدرىسەلەر ئاساسەن ئاۋام خەلقنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش رولىنى ئوينىسا، ئوتتۇراھال مەدرىسلەردە دىنىي بىلىملەرنى ئاساس قىلىش بىلەن مەلۇم دائىرىدە پەننىي بىلىملەرمۇ ئوقۇتۇلغان. چوڭ شەھەرلەر ياكى مەركەزدە قۇرۇلغان مەدرىسە بىنالىرى ئادەتتە خاقانلار، ۋەزىرلەر ۋە بەگ — تۆرىلەرنىڭ ھامىيلىقىدا سېلىنغاچقا، ئۇلار خېلىلا ھەشەمەتلىك قۇرۇلغان. مەدرىسە ئىچىدە خېلى كۆپ ئادەم سىغىدىغان دەرسخانىلار، مۇدەررىسلەر دەم ئېلىش ئۆيلىرى، تالىپلار ياتىدىغان 20 - 30 ئېغىز ھۇجرا (ھەر بىرىدە 8 - 10 تالىپ تۇرغىدەك چوڭلۇقتا) بولغان. ئۇنىڭ يەنە سەرراپ (مونچا)، ئاشخانا، ئومۇمىي ھاجەتخانا قاتارلىق مۇئەسسەلىرىمۇ بولغان. مەدرىسەلەردە ئىلاھىيەت ئىلمىدىن سىرت يەنە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئاسترونومىيە، فىقىھ (قانۇنشۇناسلىق) ئىلمى رىيازەت (ماتېماتىكا)، تىبابەتچىلىك قاتارلىقلارمۇ ئۆتۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە قايتا گۈللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك بولغان. ئۇيغۇرلار تارىخىدا مەدرىسە ۋە مەدرىسە مائارىپىنىڭ قايتا باش كۆتۈرگەن ھەم زور تەسىرگە ئىگە بولغان مەزگىلى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردە سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخانلارنىڭ ئەلنى ئادىل باشقۇرۇپ خانلىقنى مەرىپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتەك ئىلغار سىياسىي تەدبىرىنىڭ

تۈركىستاندا يەكەن، قەشقەر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە بىر قىسىم مەدرىسەلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قۇرۇلدى. مەسىلەن: ئالتۇن مەدرىسە (بۇ سەئىدخان دەۋرىدە يەكەندە قۇرۇلغان)، قىرىق گۈمبەز مەدرىسەسى (مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە قۇرۇلۇپ، ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە ئاۋاتلاشقان)، خانلىق مەدرىسە (بۇ ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە يەكەندە قۇرۇلغان)، ساقىيە مەدرىسەسى (سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان)، رەشىدىيە مەدرىسەسى (بۇ ئابدۇللاخان دەۋرىدە ئابدۇرېشىتخان نامىدا يەكەندە قۇرۇلغان)، قاتارلىق مەدرىسەلەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەرىپەت ئاقارتىشى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور رول ئوينىغان.

تارىختىكى ئوتتۇراھال ۋە چوڭ مەدرىسەلەرگە يۇرت كاتتىلىرى، جامائەت ئەربابلىرى ياكى سۇلتان ۋەزىرلەر قەرەللىك ۋە قەرەلسىز كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەلىم - تەربىيىگە يېتەكچىلىك قىلغان، تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن. مەدرىسەلەرنى باشقۇرغۇچىلار: ئاخۇن (باش مۇدەررىس ياكى مۇدىر)، مۇدەررىس (ئوقۇتقۇچى)، مۇتىۋەللى (خوجىلىق ۋە تەرتىپ مۇدىرى)، چارۇپكەش (ئاددىي خىزمەتچى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. مەدرىسەلەردە ئوقۇش لاياقىتىگە ئېرىشكەن يېڭى تالىپلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى: «بۇ بالىمىزنىڭ جېنى ئاللادىن، تېنى ئاتا - ئانىدىن، نىيەت - ئىقبالى ئۇستازىدىن» دەپ مۇدەررىسلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشى، مۇدەررىسلەر بۇنىڭغا «مەرىپەت چىرىغى دىلنى يورۇتقاي، مەرىپەت ئاچقۇچى تىلنى ئاچقاي» دېگەن جاۋاب بىلەن تەبرىكلەش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. مەدرىسەنى پۈتتۈرگەنلەر: ئەئلەم، مۇدەررىس، خەلپەت، موللا (بۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى) قاتارلىق ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن. بۇلار ئۆز ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بەزىلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە تەيىنلەنسە، بەزىلىرى تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلات خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. يەنە بەزىلىرى مۇدەررىسلىك قىلغان.

مىلادىيە 1682 - يىلى سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپى غايەت زور بالايىئاپەتلەرگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ «ئاق تاغلىق» خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەدرىسەلەرنىڭ ئورنىنى مازار ۋە خانىقالار ئىگىلىگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى غايەت زور دەرىجىدە چېكىنىشكە يۈز تۇتقانىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا يېقىن بولۇپمۇ خوجا جاھان ئەرشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايتا باش كۆتۈرۈپ، بىر قىسىم مەدرىسەلەر قۇرۇلغان ۋە ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى خوجىلار مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىغان. تارىختىكى مەدرىسەلەر نوقۇل دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك تەربىيە ئورنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مۇھىم ئاقارتىش ئورنى، ئۇچۇر ۋە ئىلمىي رىقابەت ئوچىقى بولۇش رولىنى ئويناپ، ھەر قايسى دەۋرلەردە مەركىزىي شەھەرلەردىن ئادەتتىكى شەھەرلەرگە ھەتتا بەزى ناھىيە بازارلىرىغىچە كېڭەيگەن. ئۇ دەسلەپتە قەشقەر ۋە يەكەننى مەركەز قىلغان بولسا، كېيىنچە خوتەن، كېرىيە، كۇچار ئاقسۇ، لۈكچۈن، ئىلى ۋە قۇمۇللارغىچە كېڭەيگەن. مەسىلەن: خوتەن دىيارىدا خوتەن ھېيتگاھ جامە مەدرىسەسى (بۇ XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قۇرۇلغان)، خوتەن خانلىق مەدرىسە (بۇ ئابدۇللاخان دەۋرىدە قۇرۇلغان)، ئالتۇنلۇق مەدرىسە (خوتەن شەھەر ئىچىگە قۇرۇلغان)، شورباغ تۇرسۇنبەگ مەدرىسەسى (بۇ خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدىكى شورباغ كەنتىدە قۇرۇلغان)، جۇۋۋا مەدرىسە، بۇزاق مەدرىسە، زەرگەر مەدرىسە (بۇلار XIX ئەسىردە قۇرۇلغان ئادەتتىكى مەدرىسەلەردۇر)، قاراقاش ئىشان خوجام مەدرىسەسى (1936 - يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇللا داموللا قاتارلىقلار يېڭىچە مەكتەپكە ئۆزگەرتكەن)، كېرىيە جامە مەدرىسەسى، قاغىلىق جامە مەدرىسەسى، پىچان لۈكچۈندىكى «جاھاننامە» مەدرىسەسى (بۇ مەدرىسەنى تۇرپان ئەمىرى ئاۋامىسلىم ياكى مەنسۇر خان مىلادىيە 1550 - يىلى سالدۇرغان ①، لۈكچۈن ۋاخلىق مەدرىسە (بۇنى 1706 - يىللاردا ئىمىن خوجا بىنا قىلدۇرغان) ②، كۇچاردىكى قىغدۆڭ مەدرىسە (مىلادى 1668 - يىلى بىنا قىلىنغان)، ساقساق مەدرىسە (1784- يىلى قۇتلۇق ھاجىم سالدۇرغان) ③، ئىلىدىكى بەيتۇللا جامە مەدرىسەسى (بۇ 18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى بىنا قىلىنغان) قاتارلىق مەدرىسەلەر ھەر قايسى جايلاردا قۇرۇلغان.

ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە دىيارىمىز شىنجاڭدا قۇرۇلغان مەدرىسەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چوڭ شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن داڭلىق مەدرىسەلەر ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمران گورۇھلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇنىڭ مۇئەسسەسە - قۇرۇلۇشلىرى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن قىلىنغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ۋە بايلارنىڭ خالىس ياردىمى ئارقىلىق سېلىنغان. ئۇنىڭ خىراجىتىمۇ بايلار ئىئانە قىلغان مۈلۈك ۋەخپە ئارقىلىق ھەل قىلىنغان. مەسىلەن: قەشقەردىكى ساقىيە مەدرىسەسىنى 1630 - يىللىرى خەيرى ساخاۋەتچى بەھرىگۈل بانۇمنىڭ شەخسىي خىراجىتى بىلەن، قەشقەردىكى قازان مەدرىسەسىنى مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇكېرىم ئاخۇن دېگەن كىشى، قەشقەر لاي پەشتاق مەدرىسەسىنى بولسا ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن دېگەن كىشى، چاسا مەدرىسەنى ئىسمائىل باي ئىسىملىك كىشى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي خىراجىتى بىلەن سالدۇرغان ④، چىڭ سۇلالىسى

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن مەزگىللەردە بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر يەرلىك ھۆكۈمرانلار ئۆز ئىمكانىيەتلىرىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر قايسى جايلاردا مەدرىسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەلۇم پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئىلىدا XVIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى تۇردى گوڭ ئىلى بەيتۇللا جامەسى يېنىغا بىر مەدرىسە بىنا قىلدۇرغان. XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە زوھۇردىن ھەكىم بەگ بەزى مەدرىسەلەرنى رېمونت قىلدۇرغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ بارلىققا كېلىپ كەڭ ئومۇملاشقان مەدرىسە ۋە مەدرىسە مائارىپى تاكى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 10 ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپە ئىچىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مىللىي مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ زور مەنىۋى بازا بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەندى. ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىلىرىنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. (1) مەدرىسە ۋە مەدرىسە مائارىپى تارىختا ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئۇنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. (2) مەدرىسەلەر ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنى زور دەرىجىدە گۈللەندۈرۈپ، كىتابچىلىق مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. (3) ئۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسى ۋە دىداكتىك - گۇمانىتار ئېڭىنى غايەت زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن. (4) تارىختىكى مەدرىسەلەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. (5) ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر پوئېزىيىسى ۋە مۇزىكا - مۇقاملىرىنى يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگە يەتكۈزگەن.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بىنا قىلىنغان تۈرلۈك مەدرىسەلەرنىڭ بەزىلىرى كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىنى باشتىن كەچۈرۈپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان، بەزىلىرى بولسا 20 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىسلاھ قىلىنغان. يەنە بەزىلىرى 50 - يىللاردا تەرتىپكە سېلىنىپ يېڭىچە مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ مەدرىسەلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە يېڭىچە پەننىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتقان.

---

ئىزاھلار:

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1989 - يىللىق 3 - سان.
② «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 4 - سان.
③ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1999 - يىللىق 2 - سان.
④ «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 - توپلام.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

---

(بېشى 48 - بەتتە)

خەلقى ئۆزلىرىدىن بىر ۋەكىل سايلاپ بەرگەن بولسىمۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇرۇمچىدىن يۇقىرى كېتەلمىگەن. لېكىن بۇ تەرەپلەرگە بالقان سوقۇشى نەۋ تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ. مۆتىۋەر بىر ھەزرەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار ئىستانبۇلغا 210 يامبۇ كۈمۈش يىغىپ ئەۋەتكەن. بۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئىش. لېكىن بۇ ئاقسۇ خەلقىدە جەمئىيەت، دۇنيا، مالىيە ئىشلىرىدىن مەھرۇم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەرەپلەردە گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغانلىقتىن، ئاقسۇ خەلقى ئالەم ۋە ئىسلام ۋەقەلىرىدىن خەۋەردار ئەمەس. ئۇلار تۈركلەر ھەققىدە ئىلى ۋە قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇبالىغە خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپ يۈرگەن. ئاقسۇدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاسىق دېگەن يېڭى شەھەردە چىڭنىڭ مۇنتىزىم مېڭىپ تۇرغان پوچتا - تېلېگرافلىرى بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار پايدىلانماي تۇرۇپتۇ.

ئاقسۇدا بۇرۇندىن قالغان ئەنجانلىقلار بولسىمۇ، قازاق، قىرغىز، نوغايلار كۆرۈنمەيدۇ. ياۋروپالىقلار تۈپتىن يوق. «نوغاي بولماي ئوڭاي بولماس» ئاخىر.

1991 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «يورۇق ساھىللار» ناملىق كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2000年第三期

总第五十二期



顾　问

乌依古尔·沙依然

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

主　编

沙比尔·艾力

副主编

吾甫尔·吾守尔·尼牙孜

阿不都肉甫·艾力

编　委

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

热米拉

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

责任编辑

阿不都热依木·亚库甫


## 目　　录

### 历史资料


和卓家族入新始末及其兴起背景 …… 吾尔买提江·阿不都热合曼 1

成为历史的巴丝密部落 ………… 瓦尔斯·图尔地 11

蒋介石与三区革命 ………… 黄建华 15


### 地名研究


关于伊犁地区部分地名 …………

………… 阿不利米提·穆罕默德　伊萨克·巴斯提 29


### 历史人物


千世功勋——罪人王远路 ………… 高德祥 35


### 名胜古迹


《无围墙博物馆》中的文物 ………… 白克力·伊不拉因卡吾西 41


### 说古道今


六城行 ………… 那扎尔和卓·阿布都赛买提 44

有价值的老照片 ………… 吐尔逊·卡哈日 49


### 天南地北


古代西域妇女的化妆艺术初探 ………… 穆巴来克·阿吾提 53

维吾尔族经文学堂教育及历史上著名的经文学堂 …………

………… 阿不拉江·吾米得亚尔 62

封一：阿曼尼沙汗麻扎

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)


باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى : «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى » تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر

تىزغۇچى : ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى

باسقۇچى : شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى » باسما زاۋۇتى

办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

辑出版:《新疆地方志》维文编辑部

址: 乌鲁木齐市南湖路西一巷7号

排: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司

刷: 新疆工人时报印刷厂

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

تېلېفون نومۇرى : 4640715 پوچتا نومۇرى : 830063

باھاسى : 3.00 يۈەن

内统一刊号 CN65—1128/K—W

话: 4640715 邮政编码: 830063

价: 3. 00 元